«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرى ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



قارا چىراغ ئۇسسۇلى

لياڭ لى فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

5
2013
新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE •СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА •シンキョウ ブンカ •مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


ئىلغار مەدەنىيەت ۋە بىز

ئۆزگىرىش، سۆيۈنۈش، ئۆكۈنۈش ......... مۇختار مەخسۇت 2

تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ............ ئىمىن ئەخمىدى قاتارلىقلار 9

«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر .........................

........ زۇلپىقار بارات ئۆزباش، ئەسقەرجان ئەنۋەر ئۆلسۆيەر 31

جەننەتنىڭ ئىشىكى .............. ئابدۇرېھىم ئابلەتخان 44

مەجلىسلىرىمىزدە مەدەنىيەتنىڭ گېپى

«جۇڭگودا ئىسلام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدا

ئومۇمىي بايان ............... ئالىمجان توختى ئۇيغۇر 50

تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .......... ئابلېتىپ مامۇت قاتارلىقلار 60

ئەدەبىيات گۈلزارى

جان .......... (ھېكايە) ........ مېھرىگۈل ئابلىز نەزەر 64

بوسۇغا ئاتلاش خاتىرىسى ....... (نەسر) .......... بەگمەت يۇسۇپ 73


مۇقاۋىدا: قارا چىراق ئۇسسۇلى — لياڭ لى فوتوسى


شىنجاڭ مەدەنىيىتى
( 62 ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013 ـ يىلى 5 ـ سان
(ئومۇمىي 323 ـ سان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
مۇختار مەخسۇت

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جالالىددىن
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
بەگمەت يۇسۇپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخرېداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

www.Uyghurkitap.com



# ئۆزگىرىش، سۆيۈنۈش، ئۆكۈنۈش

مۇختار مەخسۇت

يېقىندا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، ئون يىللىق بالىلىق ھاياتىم ئۆتكەن ئانا يۇرتۇمغا كېلىپ، 15 كۈن تۇرۇش نېسىپ بولدى. بۇ ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇيۇم ئىدى. ئارىدا بىر نەچچە رەت كەلگەن بولسامۇ، شامالدەكلا كېلىپ كېتىپ قالاتتىم. مانا ئەمدى بالىلىقتىكى ئىزلارنى ئاختۇرۇپ، كەنت - مەھەللىلەرنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلىشقا، شۇ چاغدىكى دوستلىرىم بىلەن، دېھقانلار بىلەن، يېزا - كەنت كادىرلىرى بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇڭدىشىشقا ئازادە ئۈلگۈردۈم. بۇ جايدىكى يېڭىلىقلارنى، ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم بۆلەكچىلا يايراپ كەتتى. يەنە بەزى ئىشلار كۆڭلۈمنى غەش قىلدى، چوڭقۇر ئويلارغا پاتتىم، بۇلارنى يېزىپ چىقىپ خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئالدىرىدىم.

## قېنى ئۇ توپىلىق يوللار؟

مەن ئون ياشقا كىرگىچە يېزىدىكى بوۋام - موماملارنىڭ قېشىدا تۇرغانىدىم. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ يېزا ناھىيە بازىرىغا ئون كىلومېتىرچە كېلەتتى. ئېتىز - قىرلار، يول قاسناقلىرى دېھقانلارنىڭ ئىشچان قولى بىلەن يېشىللىققا پۈركەنگەن بولسىمۇ، ئەگرى - توقاي يوللىرى ھوشۇققا كەلگىچە توپىلاڭ ئىدى. يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بازار ئويناشقا ماڭغانلار ئاياقلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇۋالاتتى. مەن يەكشەنبە بولسىلا ناھىيە بازىرىغا بارمىسام زادىلا ئۇنىمايتتىم، بوۋام مېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان ئۇچلۇق تاياق بىلەن ئېشەكنى بولۇشىچە ھەيدەپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئاران دېگەندە ئاپىرىپ ئەكىلەتتى. ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقىدا بىر قۇملۇق بولۇپ، نەچچە رەت يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىمىز ھېلىمۇ يادىمدا.

مانا ئەمدى ھەقىقىي مەنىسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. ناھىيەدىن يېزا - بازارلارغا، يېزا - بازارلاردىن كەنتلەرگە، كەنتلەردىن چەت - يىراق كەنتلەرگىچە تۇتاشقان تۈپتۈز يوللارنىڭ ھەممىسى ئاسفالتلىنىشتۇرۇلۇپتۇ. پىيادىلەر، ئېشەكلەر، ئېشەك ھارۋىلىرى ۋە تىراكتورلارنىڭ كەينىدىن ئاسمان - پەلەك ئۆرلەيدىغان توپا - چاڭلارنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى. سىلىق، پاكىز يوللاردىن ئاپتوبۇسلار، يۈك ماشىنىلىرى، پىكاپلار، تىراكتورلار، موتوسىكلىتلار تىنىماي غۇيۇلۇپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئەينى چاغلاردا چوڭ يوللاردىن بىرەر ماشىنا ئۆتۈپ قالسا، مەھەللىمىزنىڭ بالىلىرى يىراق - يىراقلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، توپا - چاڭ ئىچىدە ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكۈچە خۇشال بولۇشۇپ قاراپ قالاتتى... مەن كەنت - مەھەللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ يېڭى، ئازادە ھويلىلىرىغا چىرايلىق كىچىك پىكاپلارنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. پىيادە يول يۈرگەنلەرنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. موتوسىكلىتقا ئايالى ۋە بالىسىنى مىندۈرۈۋالغان بىر دېھقان مەن بىلەن مۇڭدىشىۋېتىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە «ئەمدى ھەممىمىز دېگۈدەك تۆمۈر

ئىلغار مەدەنىيەت ۋە بىز

ئېشەك مىنىدىغان بولۇپ كەتتۇق» دېدى. «يول ئازابى
گۆر ئازابى» دېگەن سۆز راستىنلا كەلمەسكە كېتىپتۇ
دەپ ئويلىدىم مەن.

## «شەھەرلىكلەرنىڭ كۆزى قىزىرىدىغان بولدى»

بىر ئىشكتىن ئون نەچچىلەپ، ھەتتا يۈزلەپ ئائىلە
كىرىپ چىقىدىغان، پەستە تۇرۇپ قارىسا ئادەمنىڭ بېشى
قايغىدەك ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرىدىغان شەھەرلىكلەر بىر
قەۋەت قىلىپ سېلىنغان، ئايرىم قورۇسى ۋە بېغى بار ئۆيـ
لەرنى داچا دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق داچىلاردا كارخانا غوجا-
يىنلىرى، پۇلى بار بايۋەتچىلەر ئولتۇرالايدۇ. مەن ئامېرى-
كىغا بارغىنىمدا، ۋاشىنگتون، نيۇيورك دېگەندەك كاتتا
شەھەرلەردە نامراتلار ۋە نېگىرلارنىڭ ئېگىز بىنادا ئولتۇ-
رىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، داڭلىق شەخسلەر
ھەم پۇلدارلارنىڭ سەھرادىن داچا ئېلىپ ئولتۇرىدىغانلىقـ
نى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنىدىم.

ئادەمنىڭ رازىمەنلىكىنى ۋە زوقىنى قوزغايدىغان
يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرسى ھۆكۈمەت ياردىمىدە
سېلىپ بېرىۋاتقان ئەمىن ئۆيلەر بولسا كېرەك. بىر تۇتاش
لايىھەلىنىپ، پىششىق خىشتىن يەر تەۋرەشكە چىداملىق
قىلىپ سېلىنغان قاتار - قاتار رەتلىك بۇ ئۆيلەر ئىلگىرىكى
سوقما تامدىكى ياكى شاخ - شۇمبىدىن قوشام قىلىپ
كاكىل لاي چاپلاپ سېلىنغان پاكار، قىڭغىر ئۆيلەردىن
ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. نۇرغۇن ئۆيلەرگە پىروگرامـ
مىنى سۇنئىي ھەمراھتىن بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان تېلېۋى-
زور، يەنە بىر مۇنچىلىرىغا قۇياش ئېنېرگىيەسىدە ئىسسىـ
دىغان مۇنچا ئورنىتىلغانىدى. «20 - 30 مىڭ يۈەننى ھۆ-
كۈمەت بەردى، قالغىنىنى ئۆزىمىز چىقاردۇق، پۇلى يەتمە-
گەنلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىپ بەردى. بۇ ئۆيلەردە ئول-
تۇرساق يەر تەۋرەپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتىن، يامغۇر
ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلمايمىز. توكىمىز، تۇرۇبا
سۈيىمىز، گازلىق ئوچىقىمىزمۇ بار. تارىختىكى ھېچقانداق
پادىشاھ ياكى ھۆكۈمەت دېھقانغا ياردەم قىلىپ ئۆي
سېلىپ بەرگەن ئەمەس، بىز كومپارتىيەدىن مىڭ مەرتىۋە
رازى ــ دېدى مەتباقى قۇۋان ئىسىملىك دېھقان ماڭا
چاقچاق قىلىپ، ــ ئەمدى سىلەردەك شەھەرلىكلەرنىڭ
دېھقانلارغا كۆزى قىزىرىدىغان بولدى!»

## «بېشىمىزدا غەم قالمىدى»

ئولتۇرىدىغان ئۆي، كىيىدىغان كىيىم، يەيدىغان نان
بولسىلا ھەقىقىي بەخت دەپ كەتكىلى بولمىسا كېرەك. ئىنـ
ساننىڭ نۇرغۇن ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ئىنتىلىشلىرى بولـ
دۇ، بېشىغا نۇرغۇن ئىشلار كېلىدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ
بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، موھتاجلىقتا چىرايى سارغـ
يىپ قالمىسىلا، بەختىنىڭ يەنە بىر پەللىسى ھېسابلىنىدۇ.
مەن 3 - سىنىپقىچە بۇ يەردە ئوقۇدۇم. مەن بىلەن تەڭتۇش
نۇرغۇن باللار ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكـ
تەپكە بارالمايتتى، ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇيدىغانلار
كەمدىن - كەم تېپىلاتتى. ھەر كۈنى پوپكامنى ئېسىپ مەكـ
تەپكە ماڭغىنىمدا، ئاشۇلارنىڭ ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراپ
تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشاتتى...

بۇ يېزىدا 50 - يىللاردا تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ
تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن غۇلجىلىق ئىبراھىم دېگەن بىرلا
دوختۇر بار ئىدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي غەمگۇزارى
ئىدى. لېكىن بۇ يۇرتتا خىلمۇخىل يەرلىك كېسەللىكلەر،
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆپ بولۇپ، داۋالىتىش ئىمكانىيە-
تى بولمىغاچقا، شىپا تاپالماي ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلاتتى.
ناھىيە ياكى ۋىلايەتكە بېرىپ داۋالىنالايدىغانلار يوق دې-
يەرلىك ئىدى. بۇ يۇرتتا كۆپ باللىق بولۇش ئادەت بول-
سىمۇ، باللارنىڭ ئەي بولىدىغانلىرى كۆپ بولمىسا
كېرەك، قىرىنغاندا ئىگە - چاقىسىز قالىدىغان ئاجىز - يىگا-
نىلەر كۆپ ئىدى. شۇ چاغدىمۇ «بەشتە كاپالەت» دەيدى-
غان ئائىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت ئېرىشىدىغىنى بىر
نەچچە جىڭ بۇغداي، قوناقلا ئىدى...

بۇ ناھىيەنىڭ كۆپىنچە يېزا - كەنتلىرىنى ئايلىنىپ
چىقتىم. نەگىلا بارسىڭىز كۆزىڭىزگە تاشلىنىدىغىنى مەكتەپ
ۋە دوختۇرخانىنىڭ چىرايلىق قۇرۇلۇشى ئىدى. ھەتتا
كەنتلەرگىچە سەھىيە پونكىتلىرى سېلىنىپتۇ. باشلانغۇچتىن
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان تەلىم - تەربىيە پۈ-
تۈنلەي ھەقسىز بولغاچقا، قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشـ
سىز قالىدىغان بىرمۇ باللا يوق ئىكەن. چۈشلىرى باللارغا
ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ئۈچۈن سۈت، بولكا، تۇخۇم بېرى-
دىكەن، قوش تىللىق يەسلىلەر ھەقسىز ئېچىلىپتۇ. دېھقانـ
لارنىڭ ھەممىسى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىپـ
تۇ. يىلىغا 60 يۈەن تۆلىسىلا داۋالىنىش پۇلىنىڭ كۆپ قىسـ
مىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن. «ئەمدى قورقماي ئاپتو-
نومغىمۇ بېرىپ داۋالىنالايدىغان بولدۇق» دېدى بىر
دېھقان. بوستان كەنتى كومىتېتىنىڭ قورۇسىدىكى تال
باراڭ ئاستىدا بولۇۋاتقان سۆھبەت قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتـ
تى. «مەن 76 ياشقا كىردىم، ــ دېدى ساقاللىرى چىرايـ

لىق ئاقارغان، ئورۇقراق، ئېگىزرەك كەلگەن بىر بوۋاي، — 60 ياشتىن ئېشىپلا ماڭاشلىق دېھقان بولۇپ قالدۇق. بەشتە كاپالەت دەمدۇ، كىرىمى تۆۋەنلەر دەمدۇ، ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمگە ئېرىشىۋاتىدۇ. مانا ماۋۇ ئىماخۇنۇمنىڭمۇ ماڭاشى بار.» ئىككى قولىنى مەھكەم قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى سەل تۆۋەن سىلىپ ئولتۇرغان كەكە ساقال كىشى گەپنى داۋاملاشتۇردى: «شۇنداق، بىز دىنىي زاتلارغىمۇ تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىۋاتىدۇ. نەپكە ئېرىشمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك تۇرىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى ساناپ ئۈلگۈرەلمەيمىز.» 80 گە يېقىنلاپ قالغان پىنسىيەگە چىققان كەنت كادىرى بېشىدىكى ئاق شاپاق دوپپىسىنى ئېلىۋېتىپ ئاۋازنى قويۇۋەتتى: «ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ھۆكۈمەت خەلققە سىلىق سىلىشنىلا، خەلقتىن ئېلىشنىلا بىلەتتى. خەلققە بەرگەن ھۆكۈمەتنى ئىلگىرى ئاتا - بوۋىمىزمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەن. پەقەت كومپارتىيە خەلققە بېرىۋاتىدۇ، خەلقنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ!»

## خامان قېنى

مەن يېزىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىل بۇ يۇرتنىڭ سورتلۇق داڭلىق ئۆرۈكلىرى مەي باغلاپ پىشقان، بۇغداي ئورمىسى بولغان مەزگىل ئىدى. ھەر كۈنلۈكى مۇشۇ يېزىنىڭ ئۆزىدىنلا 100 توننىغا يېقىن ئۆرۈك يەشكەلەرگە قاچىلىنىپ چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرى بىلەن سىرتقا يۆتكىلىدىكەن، سېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن پىششىق ئۆرۈكلەرنى دېھقانلار كىچىك تىپتىكى گولە قۇرۇتۇش زاۋۇتلىرىدا قۇرۇتىدىكەن. بۇ زاۋۇتنىڭ ھەر بىرسىگە ھۆكۈمەت 70 مىڭ يۈەن بېرىدىكەن، دېھقانلار 15 مىڭ يۈەن چىقارسىلا ئۆزىگە تەۋە بولىدىكەن...

ئورما مەزگىلى بولغاچقا خىيالىم يەنىلا خاماندا ئىدى. كەنتلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىرەر خامانني ئۇچرىتىشقا ئالدىرىدىم. كىچىك ۋاقتىمدا خامان ماڭا بەك گۈزەل ۋە خۇشال ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان. بۇغداي خامىنى ئالغاندا، مومۇنغا باغلاپ قاتار چېتىلغان ئېشەك ۋە كالىلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، چوڭلارغا ئەگىشىپ «لاي - لاي» ناخشىسىنى توۋلاپ، تەڭ كېچىگىچە ئايلىناتتۇق. (كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەلق باغچىسىدىكى باللار مىنىپ ئوينايدىغان توك بىلەن پىرقىرايدىغان ياغاچ ئاتلارنى كۆرۈپ، ئاشۇ خاماندىن كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.) 10 ـ، 11 ـ ئايلاردىكى قوناق خامىنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. پۈتۈن ئەتراپتىكى دېھقانلار مۇشۇ يەرگە يىغىلاتتى. كېچىلىرى قوناق شېخى ۋە مەدەكلەردىن گۈلخان يېقىپ قويۇپ، ئەرلەر ئاي يورۇقىدا توقماق بىلەن قوناق سوقاتتى، ئاياللار بىر چەتتە توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، چالا سوقۇلغان قوناقلارنى قولى بىلەن ئۇۋۇۋاتقاچ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى، ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە تولغان چۆچەكلەرنى، رىۋايەتلەرنى ئېيتىشاتتى...

«بۇغدايلار پىشىپ ئورۇلۇپ بوپتۇ، خامان كۆرمىدىمغۇ؟» دېدىم مەن ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەنتلەرنى ئارىلاۋاتقان يېزا باشلىقىغا، بىرئازدىن كېيىن ئۇ مېنى ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى «خامانغا» باشلاپ ئېلىپ كەلدى. كىچىك تىپتىكى تىراكتورغا چېتىلغان دان ئايرىش ماشىنىسى توختىماي گۈرۈلدەپ، باغلام - باغلام بۇغدايىنى چايناپ، داننى بىر ياققا سامانىنى بىر ياققا پۈركۈپ ئايرىپ بېرىۋاتاتتى. «ھازىر ئېشەك، كالا بىلەن خامان تېپىدىغان ئىش قالمىدى، دېھقانلار ھەرقانداق دېھقانچىلىق ماشىنىسى سېتىۋالسا ھۆكۈمەت تولۇقلىما ياردەم پۇلى بېرىدۇ، دېھقانلارمۇ ماشىنىلىشىشقا قاراپ ماڭدى. ئىشلىرى ئاسان بولدى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دېدى ئۇ.

## كىلياڭدا مەشرەپ

مەن تۇرۇۋاتقان يېزىدىن جەنۇبقا يەنە قارا قۇرۇم تاغلىرىغا قاراپ ئون نەچچە كىلومېتىر ماڭساق كىلياڭ دېگەن بىر يېزا بار، بۇ يەردە كىلياڭ مەشرىپى بار. كىلياڭدىن يەنە ئىچكىرىلەپ ماڭساق كىچىككىنە بىر تاغلىق يېزىغا بارىمىز. بۇ نەۋئابات تاجىك يېزىسى. بۇ يەردە تاجىكلارنىڭ نەي بىلەن داپ تەڭكەش قىلىنغان شوخ، ئويناق ناخشىسى قۇلىقىمىزغا دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، تېخى يېزىنىڭ ئۆز يارىشىقىدا كىچىككىنە مەدەنىيەت مۇزېيىمۇ بار.

مەن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغاچقا، بۇ ئىككى يېزىدىكىلەر مېنى توختىماي تەكلىپ قىلىشتى، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان تەكلىپ ئىدى. نەۋئابات تاجىك يېزىسىدىكى تۆت كوچىنىڭ قاڭشاسىغا جايلاشقان ئانچە يېڭى بولمىغان مەدەنىيەت پونكىتى (پونكىتنىڭ يان تەرىپىگە دۆلەتنىڭ تۈر مەبلىغى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئۆيلىرى سېلىنىۋېتىپتۇ.) بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدەك قىلاتتى. كىچىككىنە قىرائەتخانىسىغا خىلمۇخىل كىتاب - ژۇرناللار، گېزىتلەر لىق

تۇشقان بولۇپ، خېلى ئىدىتلىق رەتلەپ قويۇلغانىدى، كىتاب-ژۇرناللارنىڭ سەل ئۇپراپ كىرلەشكەنلىكىدىن بۇ يەرگە كىرىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى قىياس قىلدىم. قىرائەتخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى 30 ـ 40 كىۋادرات كېلىدىغان ئۆي يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ «مۇزېيى» ئىكەن. مۇزېيغا بۇ يەردىكى تاجىك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئائىت ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قەدىمىي يادىكارلىقلار، داڭلىق مائارىپچى، سەنئەتكارلارنىڭ سۈرىتى ۋە تەرجىمىھالى، نەچچە يىللاردىن بېرى يېزىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ فوتو سۈرەتلىرى، ماي بوياق سىزما رەسىم، ھۆسنخەت قاتارلىقلار مەزمۇن تۈرى بويىچە رەتلىك ئېسىپ، تىزىپ قويۇلغانىدى. 30 ياشلار ئەتراپىدىكى تاجىك يىگىت دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ پونكىتنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتەۋېتىپتۇ. ئۇ رەسىم سىزىشقا، ھۆسنخەتكە، فوتو سۈرەتچىلىككە ھېرىسمەن ئىكەن. بۇ يىگىتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مۇھەببىتى بولغاچقا، خىزمىتىنى سۆيۈپ ۋە كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىكەن. كىچىككىنە مەدەنىيەت پونكىتى بۇ يېزىنىڭ مەنىۋى باغچىسى، روھىي يېتەكچىسى بولۇپ قاپتۇ. نەۋئابات تاجىك يېزىسى قىستاڭ جىلغىغا جايلاشقان بولسىمۇ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قارنى ـ كۆكسى كەڭ، مەنىۋىيىتى ئويغاق، دۇنيانى بىلىپ تۇرىدۇ، ئىلغارلىققا، يېڭى تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار تاغ ئىچىدە بولسىمۇ، يېڭى دەۋرنىڭ چېتىدە قالغىنى يوق.

ئاخىر كىلياڭ مەشرىپىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولدى. ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلى مۇھەممەد تۇرسۇن مېنى ئالدىراش خىزمەت ئىچىدىن يۇلۇپ ئېلىپ «گۆرۈگە ئالغانچە» قىلىپ مەشرەپ سورۇنىغا باشلاپ كەلدى. يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئازادە، يورۇق زالىدا 50 ـ 60 تەك دېھقان مەشرەپچىلەر تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 60، 70 ياشلىق بوۋاي، مومايلار، ياش يىگىتلەر، كۆركەم ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى كىيگەن بوستان چاچلىق قىز ـ چوكانلارمۇ بار ئىدى. مەشرەپ خۇشاللىق ۋە كۈلكە ئىچىدە بىر يېرىم سائەتچە داۋاملاشتى. «مەشرەپكە ئۆزىمىزمۇ قانمىدۇق، ۋاقتىلىرى بولغان بولسا تولۇقى بىلەن كۆرگەن بولسىلا بولاتتى» دېدى كۆزەينەك تاقىۋالغان پاكارراق كەلگەن مەشرەپ بېشى، ئۇ پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى مەتسىيت مۇئەللىم دېيىشىدىكەن. كىلياڭ مەشرىپىنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاممىۋى پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا ئۇنىڭ تۆھپىسى چوڭ ئىكەن. ناھىيە ۋە يېزىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كىلياڭ مەشرىپى سۈرەتكە ئېلىنىپ VCD پىلاستىنكىسى ئىشلىنىپتۇ. كىتابمۇ يېزىلىۋېتىپتۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىگە كىرگەن تۈر قاتارىدا ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئەڭ مۇھىمى، كىلياڭ خەلقنىڭ ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا خۇشاللىقلىرىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى، يېڭى دەۋردە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، خەلققە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان، روھىغا ئىلھام بېرىدىغان، زامانىۋى ھاياتقا ئىنتىلدۈرىدىغان ئومۇمىي خەلق پائالىيىتىگە ئايلىنىپتۇ. ئاكتىۋال ئېنېرگىيە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن جايدا خەلقنىڭ روھىيىتى ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ. مەدەنىيىتى بولمىغان مىللەت روھىيىتى يوق مىللەت ھېسابلىنىدۇ، سەنئىتى بولمىغان مىللەت غېرىب مىللەت، مىسكىن مىللەت بولۇپ قالىدۇ. مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئويغاق مىللەت تۇرمۇشنى سۆيەلەيدۇ، ھاياتقا كۈلۈپ باقالايدۇ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. بولۇپمۇ رېئال ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. كىلياڭ مەشرەپچىلىرىنىڭ نۇرانە كۆزلىرى، خۇشال كۈلكىلىرى، ئەرلەرنىڭ كۆكرەكلىرىنى كېرىپ ئوينىغان مەردانە ئۇسسۇللىرى، قىزى ـ چوكانلارنىڭ شوخ جۇلا تاشلاشلىرى ئۇزاقتىچا كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇلاردىن سۆيۈنگەنسېرى باشقا يۇرتلاردىكى مىسكىن ھالەت خىيالىمنى ئەزگىلى تۇردى. ئۇ يەرلەردە قىز ـ چوكانلارنى ئۇسسۇلغا قول كۆتۈرگۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەرلەرمۇ ئەركىن ساما سالالمايدۇ، ئۇلار يول يۈرگەندىمۇ ئىككى قولىنى كىرىشتۈرۈپ يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خۇددى ھاشاردىن چارچاپ كەلگەن ئىشلەمچىلەردەك روھسىز تەۋرىنىپ ماڭىدۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىشىدا ئۆزلىرىگە جىمى ئىمكانىيەتنى بەخش ئېتىۋاتقان بۇ ئەزىز تۇپراقتىن ئەجدادلىرى يارىتىپ قالدۇرۇپ كەتكەن، بىراق ئۆزلىرى يوقىتىپ قويغان، كىلياڭ ۋە نەۋئاباتلىقلار جەۋلان قىلدۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت روھىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى قايتىدىن تېپىۋالسىكەن دېگۈم كەلدى.

### تويدا نەغمە ـ ناۋا يوق، ئۆلۈمدە ماتەم ـ يىغا

بىز ئۇيغۇرلار تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىمىز، ھاياتنى قەدىرلەيمىز، ئىنساننى قەدىرلەيمىز، خۇشال بولىدىغان چاغلاردا راسا خۇشال بولالايمىز، ماتەم ـ مۇسىبەت ئىشلە-

www.uyghurkitap.com

رىدىمۇ تەك ھەمدەمدە بولىدىغان يوسۇنلىرىمىز بار. قىز ـ
يىگىت تويى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق،
تۇزغا چىلانغان ناننى تەڭ چىشلىگەن قىز بىلەن يىگىت
يېڭى تۇرمۇش قەسرىگە خۇشاللىق بىلەن قەدەم قويۇپلا
قالماستىن، ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ
بۇرادەرلىرى ۋە پۈتۈن ئەل ـ يۇرت ئۇلار ئۈچۈن تەنتە-
نە قىلىدۇ. تويغا بېغىشلاپ بېيىت ـ قوشاقلار، ناخشىلار
ئېيتىلىدۇ، ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ، يورۇشلەشكەن توي
مەشرەپلىرى ئوينىلىدۇ. ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن
كەچۈرۈپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئاشىق ـ مە-
شۇقلار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلىرى ئەل ـ يۇرتقا كاتتا داستە-
خان سېلىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ 40 كېچە ـ كۈندۈز توي
قىلىپ بەرگەنلىكىگە ئائىت ئاجايىپ تەسىرلىك چۆچەكلەر،
رىۋايەتلەر نەچچە 1000 يىللاردىن بېرى ئېغىزدىن ـ ئېغىز-
غا كۆچۈپ، ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ناخشا ـ
ئۇسسۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىغا ھەرقاچان ھەمراھ
بولۇپ كەلگەن، خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشقان، غېرىبسىن-
غان مىسكىن چاغلاردا روھىغا كۈچ ـ مادار ۋە ئۈمىد بې-
غىشلىغان. ئانا يۇرتىمىز «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»لىقى
بىلەن، خەلقىمىز سەنئەتخۇمار خەلقلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ،
تىلى چىقسىلا ناخشا ئېيتالايدىغان، ئايىغى چىقسىلا
ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان ئۇيغۇرلار ئەمەسمۇ؟ دۇنيا سەھ-
نىلىرىنى زىلزىلىگە سالغان جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى-
دىكى بىباھا گۆھەر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» خەلق-
مىزنىڭ زامان ـ زامانلاردىن بۇيانقى سەنئەت ھاياتىنىڭ
شانلىق سەمەرىسى ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە
يىلدىن بۇيان يۇرتۇمنىڭ نۇرغۇن يېزا ـ بازارلىرىدا تويلار
تىمتاسلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شادىمان، تەن-
تەنە كەيپىياتنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. تويلاردا نەغمە ـ
ناۋا قىلىش، ئۇسسۇل ئويناپ بەزمە قىلىش قانداقتۇر بىر
كۈچنىڭ تەسىرىدىن تەقىپ قىلىنغاندەك قىلاتتى. ئاڭلىسام
تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ۋە سەر-
كەردىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئېلىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدى-
مۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆپىيىۋېتىپتۇ، ھەتتا تويدا ناخشا ـ
ئۇسسۇل، چاقچاق تەلەپ قىلغۇچىلار سورۇندىن قوغلاپ
چىقىرىلىپتۇ! شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرگىزمۇ ئومۇمىي
خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى ئەمەس. نېمىمىز پۈتۈن
بولۇپ، چاپىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشقاندا، تۇرمۇشىمىزغا
رەڭ قوشۇلۇپ، كۆڭلىمىزنى شاد ئېتىشكە ئىمكانىيەت يا-
رىتىلغاندا، مەنىۋى ئېنتىلىشىمىز ۋە جۇرئىتىمىز نېمىشقا

ئىسكەنجىگە ئېلىنىدۇ؟ خۇشاللىق كەيپىرنىڭ قانىتى مۇ-
شۇنداق بوغۇچلىنامدۇ؟!

مەن بۇ يېزىدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە كەينى تام قوش-
نىمىزنىڭ ئۆيىدە مۇسىبەت ئىشى بوپتۇ. ئالەمدىن ئۆتكىنى
ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولغان 30 نەچچە يىللىق پېشقە-
دەم مائارىپچى ئىكەن. روشەن ماتەم كەيپىياتى بولمىغاچ-
قا، بىر نەچچە كۈن بىلەلمەي قاپتۇق. ئۆتكەن يىلى مۇشۇ
يۇرتتا بىر دوستۇمنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى كەينى ـ كەينى-
دىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۇرۇمچىدىن ئاتايىن كېلىپ، ئاتا ـ
ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك مۇسىبەت ئىشلىرىنى تولىمۇ تەڭقىس-
لىقتا ئۆتكۈزدى. ئۇ يولۇققان ئىشلاردىن مەن ھەيران
قالدىم. ئۆلۈم بولغاندا يىغا ـ زار قىلسا بولماسمىش، نەزىر ـ
چىراغ ئۆتكۈزۈشمۇ راۋا بولماسمىش. ئۇ ئالەمگە كەتكەن-
لەرنى ئەسلەپ، روھىغا سېغىنىپ ئەل ـ يۇرتقا نەزىر
بېرىش ئۆيىدە بولغانلارمۇ شۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايدى-
كەن، دوستۇم يۇرت ئەھلىگە كۆپ چۈشەندۈرۈپ، جاما-
ئەت ئاقساقاللىرىغا نەچچە كۈنلەپ خىزمەت ئىشلەپ،
ئاران دېگەندە ئاددىيغىنا نەزىر ئۆتكۈزۈش ئىجازىتىنى
ئاپتۇ.

نورمال ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئايلانغان، ئەقەللىي
ھېسسىيات دائىرىسىدىكى بۇ ئىشلار غەلىتە پەتىۋالار تەرد-
پىدىن بۇرمىلىنىپ، خەلقىمىزنى بۇرۇقتۇرمىلۇققا، چېكىنىشكە
دەۋەت قىلسا بىز ئىشىنىمىزمۇ؟ ماقۇل دەيمىزمۇ؟! خەلق-
مىز ئەقىل كۆزى بىلەن شۇنى كۆرۈشى كېرەككى، ئايرىم،
مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر بىر قىسىم نادان كىشىلىرد-
مىزنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، قايمۇقتۇ-
رۇپ، خەلقىمىزنى چېكىنىشكە، قالاقلىققا، نادانلىققا ئۈندە-
ۋاتىدۇ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىنى بوغماقچى بولۇۋاتى-
دۇ. «ناخشا ئېيتساڭ، ئۇسسۇل ئوينىساڭ يامان بولىدۇ»،
«رەسىم سىزساڭ يامان بولىدۇ»، «تېلېۋىزور كۆرسەڭ
يامان بولىدۇ» دېگەنلەرنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمە؟
ئۇلار خەلقىمىزنى نەگە، قايسى دەۋرگە باشلىماقچى؟ مىل-
لەتنى سۆيىدىغان، مىللەتكە كۆيۈنىدىغان، مىللەتنىڭ تەق-
دىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى باشقا
ئىلغار مىللەت قاتارىدا تەرەققىي قىلىشى، قەد كۆتۈرۈپ
تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم مىللەتنى بېكىنمىچىلىك-
كە، خۇراپاتلىققا، نادانلىققا باشلامدۇ؟!

بۇ يىل 9 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو شىنجاڭ ئا-
سىيا ـ ياۋروپا يەرمەنكىسىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدە-
نىيەت كۆرگەزمە ھەپتىلىكىدە بىز ئەرەب ئىسلام دۆلەتلە-

رىدىن كەلگەن ئون نەچچە مەشھۇر رەسسامنى كۆتۈۋال-
دۇق. ئۇلار ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نەق
مەيداندا ئورغۇن ئېسىل رەسىملەرنى سىزدى، ئۇلارنىڭ
كۆرگەزمە قىلىنغان رەسىملىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەي-
رەتتە قالدۇردى. سۆھبەت جەريانىدا بىلدۇقكى، ئۇلارنىڭ
دۆلەتلىرىدىمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل، تېلېۋىزور، كىنو ـ پەن
گۈللەنگەنىكەن، سەنئەتكارلار، ئالىملار ھۆرمەتكە سازا-
ۋەر ئىكەن. ھەقىقىي ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى زامانىۋى-
لىق بىلەن، دەۋرنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن
زىت ئەمەس ئىكەن!

## ئايدەك جامالىڭ قېنى؟

گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنساد-
نىڭ ئەسلىي تەبىئىيتى، گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ
مىللەت بولمىسا كېرەك. قىز ـ ئاياللار دۇنيانىڭ كۆركى،
ھاياتنىڭ كۆركى، تەبىئەتنىڭ كۆركى، شۇلار بىلەن ئالەم
گۈزەل، ھايات گۈزەل. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قىز ـ ئا-
ياللار جەمئىيەتنىڭ گۈزەللىك نىشانىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى تېز قوبۇل قىلىدى-
غان مىللەت. نەچچە 1000 يىللار بۇرۇنقى قېزىلما يادىكار-
لىقلاردىكى رەڭدار، سىپتا يىپەك يوقۇلملار، دەزمال،
دەرەخ يىلتىزلىرىدىن ياسالغان چىش چوتكىسى ۋە ئايال-
لارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇر-
مۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى-
نىڭ گۈزەللىكى، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغانلىقى تىللاردا
داستان قىلىنىپ، ئالەمگە پۇر كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

سەھرا قىز ـ چوكانلىرى ئەتىياز كەلسە بىر ھويلىغا
يىغىلىپ، كىچىك جاملارغا ئوسمىنى سىقىپ، پەلكۈچ بىلەن
بىر ـ بىرسىگە ئوسما قويۇشىدۇ، «قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك
قاشلار» ئەنە شۇنداق پەرۋىش قىلىنغان. چاچلىرىنى 40
تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان سېكىلەك قىزلار چىرايلىق دوپپىلار-
نى، يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى كىيىپ نازاكەت
بىلەن يولدىن ئۆتكەندە، ھەرقانداق كىشىنىڭ مەسلىكىنى
كەلتۈرىدۇ.

مانا ئەمدى يېزىلاردا بۇنداق مەنزىرىنى كۆپ ئۇچ-
رىتالمىدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس يارىشىملىق كىيىم-
لىرى يوقاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. يېزىلاردىلا ئەمەس،
ئوتتۇرا ـ كىچىك شەھەرلەردە، ھەتتا مەركىزىي شەھەرلەر-
دە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان نىقابلىق قارا پىرىنجىلەر
خۇددى قارا تۇماندەك بىلىندى، ھەتتا شۇ قەدەر سەبىي،

ئوماق چىرايلارمۇ نېمە ئۈچۈندۇر چۈمكەلگەنىدى...
دۇتار بىلەن ئورۇنلانغان «ھاۋانى تۇمان باستى، ئاينى
كۆرگىلى بولماس، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى، يارنى سۆي-
گىلى بولماس» دېگەن ناخشا كىچىككىنە ساتىراشخانىنىڭ
ئۈنئالغۇسىدىن ياڭراپ چىقىۋاتاتتى... «بىز نېمە ئۈچۈن
ئۆز كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى يوقى-
تىپ قويىمىز؟ نېمە ئۈچۈن زامانغا خاس يېڭىلىقنى، ئىلغار-
لىقنى قوبۇل قىلمايمىز؟ بۇ بىزگە زادىلا ياراشمىدى،
زادىلا سىڭمىدى، بىز كىمنى دوراۋاتىمىز، نەگە كېتىۋاتى-
مىز» دېيىشمەكتە ئىچى سىقىلغان ئەقىل ئىگىلىرى.

ئۇيغۇرلار پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلى-
سى ئىچىدىكى ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنى-
سىگە ئىگە مەدەنىي خەلق. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا
نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، شامان دى-
نىغا، مانى دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىزنالارنى
تارىخىي يادىكارلىقلاردىن ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلىشقا باشلىغان. يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ، ئەرەب، پارس مە-
دەنىيىتىنىڭ، ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ھەم ياۋروپا مەدەنىيىتى-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى
قوبۇل قىلغان. مەيلى قايسى دىننى قوبۇل قىلمىسۇن،
قايسى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسۇن، ئۇيغۇرلار
باشتىن ـ ئاخىر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولغان ئىل-
غارلىقنى قوبۇل قىلىشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيولوگىيە ۋە
تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت مەۋ-
جۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. مانا بۇ مەنىۋىيىتى ئويغاق
مىللەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. ئەمدىلىكتە بىر قىسىم رادى-
كال كۈچلەر يۇرتنى، دۆلەتنى ئۇنتۇپ كەت دېسە ئىشىنى-
مىزمۇ؟ مىللەتنى ئۇنتۇپ كەت دېسە ئىشىنەمىزمۇ؟ قانۇننى
ئۇنتۇپ كەت دېسە ئىشىنەمىزمۇ؟ ئاسفالت يولدىن ماڭماي،
توپا يولدىن ماڭ دېسە ئىشىنەمىزمۇ؟ ماشىنا ھەيدەپ
قىزىل چىراغقا توغرا كەلگەندە توختىما دېسە ئىشىنەمىز-
مۇ؟ ئىنسانىنىڭ جېنىغا زامىن بولساڭ جەننەتكە كىرىسەن
دېسە ئىشىنەمىزمۇ؟! بۇ سوئاللار ھەرگىزمۇ توقۇلغان رى-
ۋايەت ئەمەس، بىر قىسىم نادان كىشىلىرىمىزنى ئىشەندۈ-
رۈۋاتقان ئاچچىق رېئاللىق. دۇنيادا 1 مىليارد 250 مىليون-
دىن ئارتۇق ئادەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن،
قايسى بىر مىللەت شۇ تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقى-
نى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنى يوقىتىپ قويىدى؟ يىراقنى
دېمەي، مۇشۇ شىنجاڭدا ئەتراپىمىزغا قاراپ باقساقلا كۆپا-

www.uyghurkitap.com

يە! جەمئىيەت ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، تۇرمۇش ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بىز ھەرگىز كەينىمىزگە يانماسلىقىمىز، نادانلىق، قالاقلىققا خاتىمە بېرىشىمىز، ياخشى ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلاپ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز، گۈللىنىۋاتقان ئىناق ماكانىمىزدا زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق بەھرىلىنىشىمىز لازىم ئىدى.

## بىلىمنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانمىسۇن!

يېزىلارغا تەكشۈرۈشكە بارساملا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەر مەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار بولۇپ قالدى. بۇ مەدەنىيەت نازىرىنىڭ كەسپىي مەسئۇلىيىتى، ھەم ماڭا ئوخشاش مەدەنىيەت ئاشىقىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز ھەقىقىي تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گەپ بىلەن ئەمەس، ھەقىقىي نەپ بىلەن قوللايدىغان بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىلىرىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

دۆلەتتىن 460 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 923 يېزا - بازارنىڭ مەدەنىيەت پونكىتى يېڭىدىن سېلىندى، ھەر بىرسىگە 100 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە، جابدۇق سەپلەپ بېرىلدى. 868 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدا 4000دىن ئارتۇق مەمۇرىي كەنت ۋە مەھەللىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى يېڭىدىن سېلىندى. ھەر دەرىجىلىك مۇزېيى، خاتىرە سارىيى، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىقلار پۇقرالارغا ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى. يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن يىلىغا 50 مىڭ يۈەن، كەنتلەرگە 10 مىڭ يۈەن تولۇقلىما بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، ھەقسىز ئويۇن قويسا، 200 مىڭ يۈەندىن 800 مىڭ يۈەنگىچە ياردەمگە ئېرىشىدىغان بولدى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۈچۈن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلدى، ئۇنىڭ ۋارىسچىلىرى ئايرىم تولۇقلىمىغا ئېرىشتى... بۇ مەدەنىيەتتىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ بىر قىسمى تېخى. مۇشۇنداق ياخشى شارائىت يارىتىلغان يەردە دېھقانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى زامانىۋى مەدەنىيەتكە يېتەكلەش ياخشى ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۇ مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ رولى تولۇق جارى بولمايۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، نۇرغۇنلىرىنى توپا بېسىپ قالدى. نۇرغۇن يېزا - كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرى دېھقانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كەلگەن باشلىقلار ئۈچۈنلا ئېچىلىدۇ. بۇ يىل ئەتىيازدا بىر نەچچە ناھىيەگە بېرىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى تەكشۈردۈم. نۇرغۇنلىرىنىڭ يېڭىدىن تازىلاپ ئېچىلغانلىقى، بارلىق ئىشلارنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

بىر يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ قىرائەتخانىسىدىكى كىتابلار ئەينەكلىك تۆمۈر ئىشكاپلارغا سېلىنىپ مەھكەم قۇلۇپلاپ قويۇلغانىدى. «نېمە ئۈچۈن قۇلۇپ سېلىپ قويدۇڭلار؟» دېدىم مەن بىرەر قېتىممۇ ۋاراقلانمىغان يېپيېڭى كىتابلارغا قاراپ. «دېھقانلار ئېلىپ كېتىدىكەن، مەينەت قىلىۋېتىدىكەن»، بۇ جاۋابتىن قاتتىق غەزەپلەندىم: «ئېلىپ كەتسە، مەينەت قىلىۋەتسە دېھقانلارنىڭ ئوقۇغىنى، نەپ ئالغىنى ئەمەسمۇ؟ بىلىمنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنمىسۇن! دېھقانلارنىڭ ئىلىم ئىگىلەش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ھەققىمىز يوق.» مانا بۇ بىر قىسىم كادىرلىرىمىزنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى.

* * *

يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، سۆيۈنۈش بىلەن ئۆكۈنۈش تەڭلا قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. سۆيۈنۈشلەردىن مىننەتدارلىق تۇيغۇم قايناپ تاشتى، ئۆكۈنۈشتىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئىچىم تىت - تىت بولدى. بىر خىل ئەندىشە، تەخىرسىزلىك ۋە بۇرچ تۇيغۇسى مېنى قىينىدى. يەنىلا سەۋەب بىز ئۆزىمىزدە ئىكەن، ئەلگە باشلامچى بولۇۋاتقانلاردا، مەنىۋى سەركەردىلەردە — زىيالىيلاردا ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى، كاللىنى ئويغىتىش كېرەك ئىكەن. ھىدايەتنى كۆرسىتىش، ھەقىقەتنى تونۇتۇش تەخىرسىز بۇرچىمىز ئىكەن!

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى




# مەدەنىيەت قانداق بىر خىل تەربىيەۋى كۈچ

شۇ بىن

هازىر «مەدەنىيەت» دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، يەنە مەدەنىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۈكسەلدۈرۈش، گۈللەندۈرۈش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بەزىلەر ھازىرقى جۇڭگولۇقلار ئەمەلىي مەنپەئەتنى مۇھىم بىلىدۇ، پايدىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىتاب سېتىۋالمايدۇ (سەي قوروش ۋە تەم تەڭشەش، پاي چېكى توغرىسىدىكى كىتابلار ۋە ئىمتىھاندا پايدىلىنىدىغان كىتابلاردىن سىرت). تىياتىر كۆرمەيدۇ (تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن سىرت)، مۇزىكا ئاڭلىمايدۇ (قىزىل ناخشىلاردىن سىرت)، ئۇسسۇللاردىن ھۇزۇرلانمايدۇ (ئاممىۋى مەيدانلاردا بەدەن چېنىقتۇرىدىغان «كوللېكتىپ ئۇسسۇل»لاردىن سىرت). يىغىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتكە قىزىقمايدۇ دەيدۇ.

مەن بۇ خىل كۆز قاراشقا ئانچە قوشۇلمايمەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان «سىرت»لارنىڭمۇ ھەممىسى مەدەنىيەت، جۇڭگودا مەدەنىيەت يوق ئەمەس، پەقەت كۆرۈنۈپ تۇرغىنىنىڭ ھەممىسى «ئاممىۋى مەدەنىيەت»تەك بىلىنىدۇ.

چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى مەدەنىيەتنىڭ خەلققە بولغان قەلب

تەرجىمە كۆزنىكى

تەربىيەسى. بۇ قانداقتۇ يېڭى ئۇسۇل ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەتنى مۇھىم بىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يىل ئىلگىرى، گرېتسىيەلىكلەرنىڭ تەربىيە نىشانى «مەدەنىيەتلىك»، يەنى مۇكەممەل كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. گرېتسىيە مەدەنىيىتى ئەركىن تەربىيە (ئەتراپلىق ئىنسانىي تەربىيە)نى قەدىرلەيدۇ. گرېكلىشىش دەۋرىدە گرېتسىيە مائارىپى رىمغا تارقىلىپ، رىملىقلار ئەمەلىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بەرگەن. گەرچە كېيىن مەكتەپلەردە گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، نۇتۇق سۆزلەش دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گرېتسىيەلىكلەر مۇھىم دەپ قارىغان ئۇ خىل مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى پەقەت ماھارەتلا بولغان.

گرېتسىيە مەدەنىيىتى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ۋە پۇقرالار روھىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: گرېتسىيەلىكلەرنىڭ «گىراماتىكا دەرسى» ھازىرقى تىل-ئەدەبىيات دەرسىدە ئۆگىتىدىغان گىراماتىكا، سىنتاكسىس ئەمەس، بەلكى شېئىر، مۇزىكا ۋە گىمناستىكا، ئۇ ئۈچىنىڭ ھېچقايسىسى نوقۇل ماھارەت ياكى بىلىم تەربىيەسى ئەمەس، بەلكى قەلب تەربىيەسى. بۇ خىل تەربىيەنىڭ مەقسىتى پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىلىم توپلاش ئەمەس، بەلكى بىر خىل يۈكسەك تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

گرېتسىيەلىكلەر شائىر ئۇلۇغ ئۇقۇتقۇچى دەپ قارايدۇ. گرېتسىيەلىك تارىخشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس، پەيلاسوپ ستېلابو: «قەدىمكى كىشىلەر شېئىرنىڭ بىر خىل دەسلەپكى پەلسەپە بولۇپ، بىزنى كىچىكىمىزدىن باشلاپ تەسىرلەندۇرۇپ، تۇرمۇش ئىچىگە باشلاپ، پەزىلىتىمىزنى، ھېسسىياتىمىزنى، ھەرىكىتىمىزنى يېتىشتۇرگەنلىكىگە ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇشاللىقتا ئېرىشتۇرگەنلىكىگە ئىشەنگەن... مانا بۇ گرېتسىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشلارغا بولغان تەربىيەنى شېئىر ئارقىلىق باشلاپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇپلا قالماي، يەنە مەشقلەندۇرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى» دەيدۇ.

گرېتسىيەلىكلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، مۇزىكا كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى، قەلبى، ھەتتا جىسمانىيىتىگە ياخشى تەربىيەۋى تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا، تەربىيە داۋامىدا مۇزىكىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گىمناستىكا تەربىيەسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، پەقەت ساغلام بەدەن بولغاندىلا، ئاندىن مېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ۋە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. سوقرات مۇنداق دېگەن: «بىزدىن ئىلگىرى بايقىغان ئۇ خىل تەربىيەدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى تېپىش ھەقىقەتەن ناھايىتى قىيىندەك قىلىدۇ. بۇ خىل تەربىيەدە گىمناستىكا ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرۇلىدۇ، مۇزىكا ئارقىلىق قەلب تاۋلىنىدۇ»، «مۇرەككەپ مۇزىكا ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، مۇرەككەپ يېمەكلىك كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ساپ، تەبىئىي مۇزىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت تەربىيەسى قەلب جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان قىلىدۇ، ساپ، تەبىئىي تەنتەربىيە چېنىقىشى بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ». مۇزىكا ۋە گىمناستىكا تەربىيەسى كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئىچكى دۇنياسىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەدەنىيەت تەربىيەسى پۇقرالار روھى ۋە پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە يەنىلا كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، مۇزىكا ۋە گىمناستىكا تەربىيەسىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنى ياخشى پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ، بىر خىللا بولغانلىقتىن ئاخىرقى چەككە قاراپ مېڭىشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. «ئەگەر بالىلار ھەدېگەندىلا ئويۇن ئويناشقا باشلىسا مۇزىكا ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش روھى يېتىلدۈرۈلسە، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل قانۇنغا رىئايە قىلىش روھى ئارقىلىق قانۇنسىز ئويۇن-تاماشىغا قارشى تۇرۇلسا، ئۇنداقتا بۇ خىل قانۇنغا رىئايە قىلىش روھى بالىلارنىڭ ھەردىكىتىگە ھەممە جايدا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مۇبادا، دۆلەتتە ھەرقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئۇلار دەس تۇرۇپ ئەسلىدىكى تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ». گىمناستىكىمۇ ئوخشاش، تېنى ساغلام پۇقرالارلا «قەلب جەھەتتە مىسلىسىز غەيرەت-جاسارەتكە تولۇپ» دۆلەتنى «قوغدىغۇچى»غا ئايلىنىدۇ.

«قىزغىن ھاياجان»غا تولغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا ئىگە بولغان، يەنە 1980-يىللاردىكى «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى»نى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەردە بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتكە قارىتا بىر خىل سىلىق ۋە سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆزىتىش پوزىتسىيەسى شەكىللەنگەندەك، ھېچ بولمىغاندا قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر يوقتەك قىلىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ئۆزى مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

---

«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012-يىللىق (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) 1-سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

## ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە دىكتور

بىر كۈنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر دىكتورى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش، ئارگىنال بويىچە خەۋەر ئاڭلىتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا بېشى قېيىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە پەلپەتىش سۆزلەپ: «تۆۋەندە بىر پارا بېرىش، پارا ئېلىش دېلوسىنى ئاڭلىتىمەن، ئۇقۇۋشىمىزچە K كارخانىسى مەسئۇل ئورگاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا قەرەللىك ھالدا نۇرغۇن پارا بېرىپ تۇرىدىكەن» دېگەن سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، بىردىنلا قاتتىق

چۈچۈپ كېتىپتۇ.

بۇ خەۋەر ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسە-
سىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ غۇۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىستانسا
باشلىقى ئۇ دىكتوردىن: «سەن ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ ئارگ-
ىنالدا نەدە ئۇنداق گەپ بار ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

«كەچۈرۈڭ، نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي-
مەن» دەپتۇ دىكتور.

«كاللاڭدىن چاتاق چىقتىمۇ؟ سەن بىزنىڭ تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىنى ۋەيران قىلماقچىمۇ؟ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن
بىزنىڭ ئىناۋىتىمىز يەر بىلەن يەكسەن بولۇشى مۇمكىن»
دەپتۇ ئىستانسا باشلىقى.

ئىستانسىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قورقۇپ چىرايلى-
رى تاتىرىپ كېتىپتۇ، ھېلىقى دىكتورمۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇۋې-
تىشنى كۈتۈپتۇ، لېكىن ئۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەپتۇ.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، بۇ ئىستانسا تېخى ئىسمى
ئاتالغان ھېلىقى بىر نەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار-
نىڭ خاتالىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن-
لىكىنى، ساقچىلارنىڭمۇ K كارخانىسىنى ئاختۇرۇپ، پارا
بەرگەنلىك ئىسپاتىنى ناھايىتى تېزلا تېپىپ، گۇمانلىق ئا-
دەملەرنى دەرھال قولغا ئالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىچى قاينام-تاشقىنلىققا
چۆمۈپتۇ، ھېلىقى دىكتورمۇ كەڭ ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ.

«ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇردۇڭ، سېنىڭ دې-
گەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن، سەن قانداق بىلگەن-
تىڭ؟» دەپ سوراپتۇ ئىستانسا باشلىقى.

«مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. پەقەت كاللامدا ئۇ ئوي-
پىكىر شۇنداق پەيدا بولۇشىغىلا ئېغىزىمدىن ئىختىيارسىز
چىقىپ كەتتى دەپتۇ دىكتور ئىچىدە كۈلۈپ.

«ئالاھىدە ئىقتىدار بولۇشى مۇمكىن، سەن بەلكىم قا-
نۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى بايقايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بو-
لۇشۇڭ مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىدارىڭنى راسا جارى
قىلدۇرغىن، بىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ساڭا تايىنىمىز،
يىگىت تىرىشقىن» دەپتۇ ئىستانسا باشلىقى دىكتورنىڭ مۈ-
رىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئىككىنچى كۈنى خەۋەر ئاڭلاتقان ۋاقىتتا ئۇ دىكتور:
«ئۆتكەن يىلى باج ئوغرىلىغان ئالدىنقى ئون ئادەمنىڭ
ئىسملىكى، بىرىنچىسى...» دەپ يەنە ئېغىزىغا كەلگەننى
سۆزلەپ، ئارقىدىنلا ئۇ ئادەملەرنىڭ ئوغرىلىغان باج
سوممىسىنى خەۋەر قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ باج
ئوغرىلاش ۋاستىلىرىنىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن باج مەھكىمىسىدىكى خادىملار دەرھال ھە-
رىكەتلىنىپ دەلىل-ئىسپاتقا ئاسانلا ئىگە بوپتۇ. شۇنداق
قىلىپ بۇ دىكتورنىڭ خەۋەرلەر پىروگراممىسى كەڭ ئامما-
نىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئاما ئۇنىڭغا:
«سەن قالتىس ئىكەنسەن، ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنسەن!
سەن ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىڭ ئارقىلىق، جەمئىيەت
ئۈچۈن ئۇ كۆل رەڭ كىشىلەر توپىنى يوقاتقىن، سەن ئە-
زىمەت ئىكەنسەن!» دەپ توختىماي تېلېفون قىلىپ،
ھەدەپ مەدەت بېرىپتۇ.

بۇ دىكتور تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا تۇرۇپ ھەر
كۈنى ئۈچ قېتىم خەۋەر ئاڭلىتىدىغان بوپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم
بىر پارتلاش خاراكتېرىدىكى «ئاجايىپ» خەۋەرنى ئاڭلات-
قاندا، ساناپ تۈگەتكۈسىز مەدھىيە سۆزلىرىگە ئېرىشىدى-
غان بوپتۇ.

ئۇ شۇنداق جاپالىق ئىشلىگەچكە تازا بەرداشلىق بې-
رەلمەي ئۆيىگە قايتىپ بىر مەزگىل ئارام ئالماقچى بوپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىش يولىدا ھەيران قالارلىق بىر
ئىشنى، يەنى ھەممىلا ئادەم ئۆزىنى كۆرسىلا دەرھال قې-
چىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ.

ئۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بەلكىم شىركەتنى ئالداپ
كاماندىروپكا پۇلى ئېلىۋالغان، بەزىلىرى يالغاندىن كېسەل
بولۇۋېلىپ خىزمەتكە بارمىغان، بەزىلىرى ئوقۇغۇچىلىق
دەۋرىدە ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلغان، بەزىلىرى ئا-
ياللارنى ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ھەر بىر ئا-
دەمنىڭ دېگۈدەك باشقىلار بىلمەيدىغان «مەخپىيەتلىك»ى
بولسا كېرەك. ھەممىلا ئادەم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى
بۇ ئەڭ نوپۇزلۇق دىكتورغا يېقىنلىشىشنى خالىمايدىغان،
ئۆز «ھېكايە»سىنىڭ كېيىنكى قېتىمدىكى پارتلاش خاراكتې-
رىدىكى خەۋەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقىدىغان بولۇپ
قاپتۇ.

بۇ دىكتور يەتكىچە ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ، دەردىنى
تۆكىدىغان بىر ئوبيېكت تېپىشقا ئىنتىزار بوپتۇ. «ئاخىر
ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ». لېكىن ئۆيىگە كىرىپ قارىسا خوتۇ-
نى يوق، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە: «خەير-خوش سۆيۈملۈ-

كۈم، مېنى ئىزدىمەڭ، مېنىڭچە سىز مېنىڭ قىچىپ كېتە-
شىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولدىڭىز، مېنى كەچۈرۈڭ!»
دېگەن بىر باغاقچە تۇرغىدەك.

«مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 7 ـ
ساندىن مۇسا ئەخمەت تەرجىمىسى

# پۇل مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك مەسىلە

«پىشقەدەم رەھبەر مېنى تونۇدىڭىزمۇ ؟»
پىشقەدەم رەھبەر پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ھەئە،
«سەن داگۇەيلا يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغۇ...» دېدى.
مەن ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئەيمەن-
گەن ھالدا بېشىمنى ئارقا ـ ئارقىدىن لىڭشىتىپ، «داشقال،
بۇ مېنىڭ لەقىمىم، پىشقەدەم رەھبەر بۇمۇ ئېسىڭىزدە بار
ئىكەندە، مەن نېمىدېگەن بەختلىك !» دېدىم.
پىشقەدەم رەھبەر كۈلۈپ تۇرۇپ، ماڭا بىر قاپ
ئېسىل تاماكىنى تاشلاپ بېرىپ: «ھە بىرەر ئىشىڭ بارمۇ ؟
قېنى سۆزلە!» دېدى.
پىشقەدەم رەھبەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە
ياش كەلدى، مەن بېشىمنى ئېگىپ، قولۇمنى تۆۋەن
سىلىپ دۇدۇقلىغان ھالدا: «يېزا باشلىقى ئەمدىلا يۆتكىلىپ
كەتكەن، مەن دەل ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان چاغدا
خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدۇم !» دېدىم.
پىشقەدەم رەھبەر ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىدىكى
ھۆججەت ئىشكاپىدىن بىر قەغەز ئىستاكاننى ئېلىپ قايناق
سۇ قۇيۇپ ماڭا سۇنۇپ: «ھەي سىلەر يېزا ـ بازار كادىرلى-
رىنى، نېمە دەيتتى، ھە، ھەر كۈنى ھۇجرىغا كىرىدۇ،
ھەممە كەنتتە قىيىنئانىسى بار دەيدۇ. ئىستىل مەسىلىسىغۇ،
بولدى، دېمەيلا قوي!» دېدى.
مەن پىشقەدەم رەھبەر سۇنغان قەغەز ئىستاكاننى
ئىككى قوللاپ ئېلىپ، بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن
كېيىن: «مەن پارا ئېلىپ قويدۇم، دېھقانلار ئەرز قىلىپ
ئېغىر بۇلغىنىش دېگەن ھېلىقى يەر ئىگىلەش تۈرىدە...»
دېدىم.
پىشقەدەم رەھبەر بىر قولىنى خىزمەت ئۈستىلىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ، خۇددى پىيانىنو چالغاندەك ئۈستەلنى
چېكىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، «ھە، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار.
بىرئاز بۇلغىنىش مەسىلىسى بار، لېكىن قانداقتۇ ئۇ دېھقان-
لار سۇ ئىچەلمەيۋاتىمىز، يەر تېرىيالمايۋاتىمىز دەپ
ئىنكاس قىلغاندەك ئۇنداق ئېغىر ئەمەسقۇ» دېدى. يەنە
ئاستا: «ھازىر سۇنى ئوخشاش ئىچىپ، يەرنى ئوخشاش
تېرىۋاتىمىدۇ. بۇلغىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھاياتلىقنىڭ
ئۆزى بۇلغىنىشتىن ئىبارەت، يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش،
يەنە ئۇسۇرۇش، ئېيتىپ باقە، بۇنىڭ قايسىبىرى بۇلغىنىش
ئەمەس!» دېدى.
پىشقەدەم رەھبەر مېنىڭ پارا ئالغان ئىشىمغا كۆڭۈل
بۆلمەي، ئەكسىچە بۇلغىنىشنى سۆزلىگىلى تۇردى، مەنمۇ
ئۇلاپلا: «پىشقەدەم رەھبەر سىز ناھايىتى ياخشى ئېيتتە-
ڭىز، لېكىن جېدەل چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان بەزى
ئادەملەر تەرەققىيات سودىگەرلىرىنى توسۇۋېلىپ ئىش قىلە-
غىلى قويمايۋاتىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تۇر قۇ-
رۇلۇشنى قاچان باشلىغىلى بولىدۇ ؟ يېزىنىڭ ئىقتىسادىنى
قاچان يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ ؟ مەنمۇ ئامال قىلالماي،
ھېلىقى چاتاق چىقارغان ئادەملەرگە، توغرىراقى مۇتھەم-
لەرگە قارىتا بەزى ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللانغاندىم، تە-
رەققىيات سودىگەرلىرى ماڭا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن
500 مىڭ يۈەن بەردى» دېدىم.
پىشقەدەم رەھبەر بېشىنى چايقاپ، ناھايىتى ئەپسۇس-
لانغان قىياپەتتە: «سەن بۇ مەسىلىدە مېنى ئىزدىمەسلىكىڭ
كېرەك، سەن ئۇنى قايتۇرۇۋەتسەڭ ياكى ئىنتىزام تەكشۈ-
رۈش كومىتېتىدىكى يولداشلارغا تاپشۇرساڭمۇ بولىدۇ!
مەن سېنىڭ خىزمەتنى دەپ مۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈ-
شۈڭنى قوللىمايمەن!» دېدى.
مەن ئورۇندۇقنى سۈرۈپ، پىشقەدەم رەھبەرگە يې-
قىنراق ئولتۇرۇپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان قىياپەت-
تە: «پىشقەدەم رەھبەر، سىز مېنى كۆپ يىل تەربىيەلىدى-
ڭىز، مېنىڭ بۇنچىلىك ئېڭىم بار، مەن بىر قانچە قېتىم قاي-
تۇرغىلى ئاپاردىم، لېكىن تەرەققىيات سودىگەرلىرى ئەگەر

بۇ پۇلنى قوبۇل قىلمىسام، ئۇلار تۇر قۇرۇلۇشنى قىلماي
دەرھال كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى، مەن يېزىنىڭ
ئىقتىسادىنى دەپ، ئامالسىزلىقتىن قوبۇل قىلدىم. ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تاپشۇرىدىغان ئىشقا كەلسەك، كې-
شىلەر ماڭا قانداق باھا بېرىدۇ، تەرەققىيات سودىگەرلىرى-
گە قانداق باھا بېرىدۇ، بۇ ئىش قىيىنده!» دېدىم.

پىشقەدەم رەھبەر بېشىنى لىڭشىتىپ، ماڭا ھېسداشلىق
قىلغان ھالدا: «توغرا، بىز خىزمەت ئىشلەشتە خەۋپ-خە-
تەرنى دەپ ئىشلىمسەك بولامدۇ، يەنىلا ئىشلەش كېرەك-
تە!» دېدى.

مەن دەرھال قەغەز خالتىنى پىشقەدەم رەھبەرنىڭ
خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويۇپ:
«يەنىلا پىشقەدەم رەھبەر بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىپ كۆڭۈل
بۆلىدىكەنسىز، بۇنى، بۇنى مەن سىزگە تاپشۇراي!»
دېدىم.

پىشقەدەم رەھبەر خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا كۆز
يۈگۈرتۈپ قويۇپ، خېلى يېقىملىق ئاۋازدا: «قايتىپ
بېرىپ ياخشى ئىشلە، مەن سېنىڭ ئىشىڭنى ئويلىشىمەن،
شۇنداقلا ساڭا رازى بولغۇدەك جاۋاب بېرىمەن. بۇنىڭغا
كەلسەك...» پىشقەدەم رەھبەر خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئاستى-
دىكى قەغەز خالتىنى كۆرسىتىپ، «سەنمۇ بىلىسەن، پۇل
مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك مەسىلە، بۇ، بۇ، بۇنى مەنمۇ يۇ-
قىرىغا تاپشۇرىمەن! مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىمغىمۇ
كۆپ يىل بولدى، مېنىڭمۇ يۇقىرىغا يۆتكىلىدىغان ۋاقتىم
بولۇپ قالدى!» دېدى.

---

يۇجى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق
ژۇرنىلى»نىڭ 2011-يىللىق 7-سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەر-
جىمىسى.

# يامان ئادىتى يوق ئەر

بىر ئادەم تاكسى ساقلاۋاتقانىكەن، يولدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان بىر دىۋانە بىردىنلا قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭدىن
پۇل تىلەپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىقنى ئويلاپتۇ.
لېكىن دىۋانە چىڭ تۇرۇۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمەپتۇ. ئۇ
ئادەم قاتتىق ۋارقىراپ ئۇنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولغاندا،
ئۇ دىۋانە ئادەمنى «ھەقىقەتەن بېخىل، پىخسىق،
خەسىس» دەپتۇ ھەمدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋېلىپ قويۇپ
بەرمەپتۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ قانداق
قىلسام بولار دەپ ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا بىر ئامال تې-
پىپتۇ ۋە دىۋانىگە: «مەن ساڭا پۇل بەرسەم بولىدۇ، لېكىن
سەن مەن بەرگەن پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىڭنى
ئېيتىپ بېرىشىڭ لازىم» دەپتۇ.

«مەن بىر ئىستاكان سۈت سېتىۋالماقچى» دەپتۇ، —
دىۋانە.

«سۈتنى نېمە قىلىسەن؟ مەن ساڭا تاماكا بېرەي!»،
ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ بىر قاپ تاماكىنى دىۋانىگە سوزۇپ-
تۇ.

«ياق، ماڭا تاماكا كېرەك ئەمەس، مەن تاماكا چەك-
مەيمەن، سەنمۇ تاماكا تاشلىشىڭ كېرەك. تاماكا چېكىشنىڭ
سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ مەن
ھازىر ئۇسساپ ۋە دەرمانسىزلىنىپ كەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ
نېمە ئۈچۈن سۈت ئالماقچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبى»،
دەپتۇ دىۋانە.

«ئۇسساپ كەتتىڭمۇ؟ دەرمانسىزلىنىپ كەتتىڭمۇ؟»،
ئۇ ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ يېنىدىن بىر بوتۇلكا ۋىسكى ھا-
راقنى چىقىرىپ دىۋانىگە: «مە، بۇ ۋىسكىنى خۇماردىن
چىققىچە ئىچىۋال، بۇ ئالىي دەرىجىلىك ۋىسكى، ئۇسسۇز-
لۇقۇڭنى باسىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى كۈچ-
قۇۋۋەتكە تولدۇرىدۇ» دەپتۇ.

دىۋانە ئۇ ئادەم بەرگەن ۋىسكىنى ئېلىپ، «سەن
ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئىسپىرت چوڭ مېڭىنى زەھەرلەيدۇ،
جىگەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىسپىرتقا خۇمار بولۇپ
قالساڭ، ھاراقكەشكە ئايلىنىپ قالىسەن» دەپتۇ.

ئۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم كۈلۈپتۇ ۋە دىۋانىگە: «مەن
بەيگە مەيدانىغا بارىمەن، سەنمۇ مېنىڭ بىلەن بىللە
بارغىن، مەن ساڭا ئون روبلى بېرەي، بىر قىمار بېلىتى
سېتىۋالغىن. ئەگەر ئۇتۇۋالساڭ، باي بولۇپ كېتىسەن، ئەل-

ۋەتتە، ئۇ پۇلنى تەڭ بۆلۈشىمىز» دەپتۇ.

دىۋانە: «كەچۈرگىن ئەپەندى، مەن سەن بىلەن بارالمايمەن، چۈنكى، قىمار ئويناش يامان ئادەت» دەپتۇ، دىۋانىنىڭ ئەدەپ بىلەن يەنە بىر قېتىم رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم ناھايىتى ھەيران قاپتۇ.

ئۇ ئادەم دىۋانىگە گاڭگىراش ئىچىدە قاراۋېتىپ بىر ئىشنى ئويلاپتۇ ۋە دىۋانىگە: «ئۇنداق بولسا سەن بىر ئىشقا ماقۇل بولغىن، يەنى مېنىڭ بىلەن بىللە ئۆيۈمگە بارغىن» دەپتۇ.

دىۋانە دەسلەپ ھېچ بولمىغاندا ئۇ ئەرنىڭ ئۆيىدىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. لېكىن كېيىن بۇ ئادەم مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ دەپ گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن: «مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆيۈڭگە ئېلىپ بارىسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم: «مەن ئايالىمغا ھېچقانداق يامان ئادىتى يوق بىر ئەرنىڭ نېمىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي دەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

---

بۇ ھېكايىنى شىيا خۇا يازغۇچىلار بىلوگىدىن ئالغان بولۇپ، «مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011- يىللىق 7- سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

تىلماچ: ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ نازارىتىنىڭ پېنسىيونېرى.

# كىشىلىك ھايات بىر لەگلەكتۇر

باللىق دەۋردە، سەن ۋە مەن ئاتا- ئانىمىزنىڭ قولىدىكى لەگلەك ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا بىز كىچىك بولغان بىلەن يۈرىكىمىز چوڭ بولۇپ، ھامان ئۆزىمىزنى ھەممىگە قابىل، ھەممىگە قادىر دەپ قارايتتۇق، ھەمىشە ئاتا- ئانىمىزنىڭ بىزنى چىڭ تۇتۇشىدىن، بىزدىن خاتىرجەم بولالماسلىقىدىن ئاغرىناتتۇق، ئۇلار سىنى ۋە مېنى لەگلەك قىلىپ، ھەم كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلسۇن دەيتتى، ھەم قولىدىكى بىزنى باغلىۋالغان ئاشۇ ئۇزۇن يىپنى مەھكەم تارتىپ تۇراتتى.

چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ يىپنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان ئەڭ خالىسانە مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، سەن ۋە مەن مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى لەگلەككە ئايلاندۇق. ئاتا- ئانىمىز بىزگە مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، مەكتەپنىڭ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشنى تاپىلايتتى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاتا- ئانىلىرىمىزنىڭ بىزنى باغلىۋالغان ھېلىقى ئۇزۇن يىپنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئىدى. شۇڭلاشقا مۇئەللىملەر ھەمىشە بىزنى ئۇنى- بۇنى دەپ باشقۇرۇپ تۇراتتى، بىزمۇ ئۆزىمىزگە تەن بەرمىگەن ھالدا مۇئەللىمنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلاتتۇق. يۈز ئۆرۈش بىزنىڭ ئەڭ ئادىل، ئەڭ مۇۋاپىق بولغان باھانىمىزگە ئايلانغاندى، ھەمىشە تىرىشىپ بىر ئامال قىلىپ مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى ھېلىقى يىپتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتۇق.

كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى يىپنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، سەن ۋە مەن جورىمىزنىڭ قولىدىكى لەگلەككە ئايلاندۇق. بىز ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ئۆيگە ئىگە بولغاندا، ئاتا- ئانىلىرىمىز قولىدىكى ھېلىقى يىپنى جورىلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بەردى، جورىلىرىمىز يىپنىڭ بىر ئۇچىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، بىر ئۇچىدا سىنى ۋە مېنى ئۆستىمىزدىن باغلىدى، سەن يىراققا ئۇچقان چېغىڭدا، ئۇ سىنى كۈچەپ تارتاتتى، سەن تۆۋەنلىگەن چاغدا، ئۇ يەنە قولىدىكى يىپنى كۈچەپ تىترىتىپ، ساڭا كۈچ بېرىپ، سىنى قايتىدىن ئۇچۇراتتى. بەزى چاغدا بىز ئايالىمىزنىڭ باشقۇرۇشىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىناتتۇق.

قېرىغاندا ھېلىقى يىپنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

قېرىغاندىن كېيىن، سەن ۋە مەن يەنە پەرزەنتلەر قولىدىكى لەگلەككە ئايلاندۇق. يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پەرزەنتلەرنىڭ سىنى باشقۇرۇشى بارغانسېرى كۆپەيدى، ساڭا ئۇنى- بۇنى يېگۈزمەيدىغان، ئۇنى- بۇنى قىل-

دۇرمايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى بىر لەگلەككە ئوخشاش ھېس قىلىدىغان بولدۇق، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇقلۇق بىر يىپ باردەك، ئۆزىمىز خۇددى چوڭ بولمىغان بىر بالىدەك، ھەممە ئىشتا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ گېپىگە ۋە ياردىمىگە قاراشلىق بولۇپ قالدۇق.

ناۋادا راستتىن شۇنداق بىر مەزگىل بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ تاپىلاشلىرى بولمىسا، بۇنىڭغا كۆنەلمىگەندەك ھېسسىياتتا بولسەن، ئۇ چاغدا سەن ھېلىقى يىپنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

كىشىلىك ھايات بىر لەگلەك بولۇپ، ھامان بىر يىپ ساڭا چېتىلغان بولىدۇ، بۇ يىپ يا ئۇزۇن، يا قىسقا بولىدۇ، سەن يىپنىڭ بۇ ئۇچىدا، سېنى سۆيگەن كىشى ئۇ ئۇچىدا بولىدۇ.

---

يۇچاۋ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ 2012-يىلى 2-ئۆكتەبىر سانىدىن **زۇنۇن باقى** تەرجىمىسى

# مويەننىڭ «غەلىتە كۆز قاراشلىرى»

مويەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، كۆپلىگەن سورۇنلارغا قاتنىشىپ، نۇرغۇن تەسىرلىك نۇتۇقلارنى سۆزلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم «غەلىتە كۆز قاراشلار»مۇ بار بولۇپ، ئاڭلىسا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدۇ:

بىرىنچىسى، «مەن بەختلىك ئەمەس». مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «يۈزمۇيۈز» پروگراممىسىدا، داڭلىق رىياسەتچى دۇڭ چيەن مويەندىن: «سىز بەختلىكمۇ؟» دەپ سورىغاندا، مويەن ناھايىتى كەسكىن ھالدا: «بىلمەيمەن، مەن ئەزەلدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىشىپ باقماپتىمەن. بەخت دېگەنلىك ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق، ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش دېگەنلىكتۇر؛ تەن ساغلام بولۇپ، روھىڭىزدا ھېچقانداق بېسىم بولمىسا، ئاندىن بەختلىك بولالايسىز. ھازىر مەندىكى بېسىم ناھايىتى ئېغىر، غەم-ئەندىشەم ئېشىپ-تېشىپ تۇرسا، قانداقمۇ بەختلىك بولالاي؟ ھالبۇكى مەن سىزگە: ‹مەن بەختلىك ئەمەس› دېسەم، سىز ماڭا: ‹يالغان سۆزلىمەڭ، تېخى يېقىندىلا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ تۇرۇپ، يەنە قانداقسىگە بەختلىك ئەمەسسىز؟› دېيىشىڭىز تۇرغانلا گەپ»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مويەننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر بەختلىك بولالمايدۇ، چۈنكى «ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق» مۇمكىن ئەمەس، «ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش» تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچىسى، «پەقەت گۈزەللىكنىلا تەسۋىرلەش — مەسئۇلىيەتسىزلىك». ئۆز ئەسەرلىرىدىكى «شەپقەتسىزلىك» ۋە «رەزىللىك» مەسىلىلىرىگە قارىتا مويەن: «بىز ھەممىمىز ئىنسان خاراكتېرىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ھالبۇكى، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر تۇرمۇشتا ھامان يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. يازغۇچىدا چوقۇم مۇشۇ خىل رېئاللىققا دادىل يۈزلىنەلەيدىغان جاسارەت بولۇش بىلەن بىللە يەنە چوقۇم ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ خىل رېئاللىقنى ئاشكارىلىيالايدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، ئەدەبىيات قاراڭغۇلۇقنى نىقابلايدىغان پەردە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يازغۇچىلاردا خۇنۇكلۈك ۋە رەزىللىكلەرنى ئاشكارىلىيالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ بەزى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ كېتىشى، بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن بىئارام بولۇشۇپ: ‹يازغۇچىلار نېمىشقا مۇشۇنداق بىر نېمىلەرنى يازىدۇ، گۈزەل نەرسىلەرنى يازسا بولمامدۇ؟› دېيىشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭچە پەقەت گۈزەللىكنىلا يېزىش — مەسئۇلىيەتسىزلىك. بۇ مېنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزۈمنى ئاقلاپ كېلىۋاتقان بىر سەۋەبىم.»

گۈزەللىك — مەدھىيەگە، رەزىللىك — پاش قىلىشقا موھتاج. بۇ ھەقىقەتنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھالبۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر پەقەت ئۆزىنىڭ ياخشى تەرىپىنىلا سۆزلىنىپ، يامان تەرىپىنىڭ سۆزلەنمەسلىكىنى، يامان تەرەپ بولغاندىمۇ، باشقىلارنىڭ يامان تەرىپىنىڭ سۆزلىنىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، «ئەدەبىيات مۇكاپاتى — سىياسىي مۇكاپات ئەمەس». مۇخبىرلار بىلەن ئۇچرىشىش يىغىنلىرىدا، موييەن نەچچە يۈزلىگەن مۇخبىرلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ: «نوبېل مۇكاپاتى — ئەدەبىيات مۇكاپاتى، سىياسىي مۇكاپات ئەمەس. مەن ئىنسان خاراكتېرى نۇقتىسىدىن چىقىپ يېزىقچىلىق قىلىمەن، مېنىڭ غەلىبەم — ئەدەبىياتنىڭ غەلىبىسى. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغانلارغا ئايان، مەن تەنقىدىيلىكنى، ئىنسان خاراكتېرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن» دەيدۇ.

شۇنىسى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، بىر قىسىم رەھبەرلەر موييەننىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىدە ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى، مەسىلەن: «تەربىيەلەش جەھەتتىكى تۆھپىسى»، «قوللاش جەھەتتىكى تۆھپىسى»، «كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىكى تۆھپىسى»، «شارائىت جەھەتتىكى تۆھپىسى»... قاتارلىقلارنى ئويلاپ تېپىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىراق موييەن قىلچە مىننەتدار بولماستىن، پەقەت: «بۇ ئەدەبىياتنىڭ غەلىبىسى»لا دەيدۇ.

تۆتىنچىسى، «ئەدەبىيات قانداقتۇر بىرەر تەشكىلات ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ». توردىكى نۇرغۇنلىغان بەس - مۇنازىرىلەرگە قارىتا، موييەن: «يازغۇچى ئەسەرلىرىگە تايىنىپ سۆزلەيدۇ، يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشى قانداقتۇر بىرەر پارتىيە - گۇرۇھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋىجدانىنىڭ قوماندانلىقىدا، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىغا يۈزلىنىپ، ئاخىرىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈندۇر» دەيدۇ.

خاسلىق نىسپىي كېڭىيىۋاتقان ۋە يەككىلىشىۋاتقان بىر دەۋردە، بەزىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن يازسا، بەزىلەر يۈز تېپىش ئۈچۈن يازىدۇ؛ بەزىلەر نام چىقىرىش ئۈچۈن يازسا، يەنە بەزىلەر موييەنگە ئوخشاش ئىنسان خاراكتېرى ئۈچۈن، ئاۋام ئۈچۈن يازىدۇ.

بەشىنچىسى، «ئۈنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلىش — ئورۇنسىز». كىشىلەرنىڭ باي - ئامراتلىقى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا، موييەن: «بىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۈنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلىشنىڭ، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈنچە تېز ئۆستۈرۈشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر تېز چوڭىيىپ كەتسە تەمىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىمىز؛ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق كىشىلەرگە بايقاپراق ئىش قىلىشنى، قەدەمنى ئاستىراق ئېلىشنى، دانىراق بولۇپ، بەش ئۇلۇشنى ھازىر ئىشلەتسەك، بەش ئۇلۇشنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى ئېيتىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

ھاۋا تەڭشىگۈچ يوق چاغدا، ئىسسىققا چىدىيالمايدىغانلار ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى؛ ئېلېكتىر چىراغ يوق چاغدا، يىراق ۋە يېقىننى كۆرەلمەيدىغانلار ھازىرقىدىن ئاز ئىدى؛ تېلېۋىزور يوق چاغلاردا، كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشى ئوخشاشلا ناھايىتى مول ئىدى. قاتناشنىڭ قولايلىشىشى ئادەملەرنىڭ ساياھەت شادلىقىنى يوق قىلدى؛ تېلېگىرافنىڭ ئۇچقۇر قەدىمى ئادەملەرنىڭ خەت - ئالاقىدىن ئالىدىغان ھۇزۇرىنى يوققا چىقاردى؛ يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئوشۇقچىلىقى ئادەملەرنىڭ تەم سېزىمىنى يوقىتىپ قويدى.

ئالتىنچىسى، «موييەن قىزغىنلىقى قوزغىلىشىنى خالىماسلىق». ئىككى قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، موييەن ئەمدى ھەرقانداق ئادەمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن: «مەنمۇ موييەن قىزغىنلىقىنىڭ قوزغىلىشىنى خالىمايمەن، بەختىمگە قارشى قوزغىلىپ كەتسە، مەن بۇ قىزغىنلىقنىڭ دەرھال پەسكويغا چۈشۈشىنى، كۆپ بولغاندا بىر ئاي ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ تېزدىن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ.

ئادەم قانچە ئۇلۇغ بولغانسېرى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەشنى خالىمايدۇ، ھازىرقى موييەن بەلكىم شۇنداق ئادەملەردىن بولۇشى مۇمكىن.

---

ۋاڭ جىنيۈ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىللىق 1 - ئاي ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدىن

# ماۋزېدۇڭ ئەزەلدىن تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان

ئىدرىس تەلەپ

ماۋزېدۇڭ ئەزەلدىن تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنىمۇ خالىمىغان. 1953-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ماۋزېدۇڭنىڭ دەل 60 ياشقا توشقان كۈنى ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە 60 ياش ياشانغانلار دەۋرىگە كىرگەن چاغ، تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى جاكارلايدىغان چاغ، پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋۇ يۇجياڭ 60 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەن كۈنى ماۋزېدۇڭ ئاتايىتەن بىر ماقالە يېزىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەنىدى، ماقالىدە بۇ پېشقەدەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى، ئىلغار ئىدىيەسى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيەلەنگەن، پۈتۈن پارتىيە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش كېرەك، دەپ چاقىرىق قىلىنغان. لېكىن ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ 60 يىللىقى، 70 يىللىقى، ھەتتا 80 يىللىقىنىمۇ ئۆتكۈزمىدى. تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزمەسلىك ئۇ ئۆزى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن بىر قائىدە، ئۇ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ قائىدىنى بۇزمىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېنىدىكى خىزمەتچىلەر، مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەندە، ئۇلار بىلەن بىر ۋاق تاماقنى بىللە يېسە ئۇ ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان تەبرىكلەش پائالىيىتى بولاتتى.

تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزمەسلىك، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەسلىك، مەغرۇرلۇق-قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىش، كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇش — رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىزچىل ئىدىيەسى. 1948-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى شىمالىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ۋۇيۇجياڭ جۇ ئېنلەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن يوليورۇق سورىغان. ئۇ تېلېگراممىدا: «شىمالىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز، مەن سۆزۈمدە ئوقۇغۇچىلارنى، ئاساسلىقى ماۋزېدۇڭىزمنى ئۆگىنىڭلار دېمەكچى ئىدىم، شۇنداق دېسەم بولامدۇ-يوق؟ سىز رەئىس ۋە يولداش لىيۇ شاۋچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يوليورۇق بەرسىڭىز» دەپ يازغان. ماۋزېدۇڭ بۇ تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن، 8-ئاينىڭ 15-كۈنى جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتكەن. ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن:

«بۇنداق دېسەك پەقەت مۇۋاپىق بولمايدۇ. ھازىر قانداقتۇر ماۋزېدۇڭىزم دەيدىغان گەپ يوق. شۇڭا ماۋزېدۇڭىزم دېيىشكە بولمايدۇ. قانداقتۇر ئاساسلىق، ماۋزېدۇڭىزمنى ئۆگىنىڭلار دېمەي، ئوقۇغۇچىلارنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىننىڭ نەزەرىيەسىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىڭلار دەپ چاقىرىق قىلىش كېرەك. بۇ يەردە ئېيتىلغان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى (ماۋزېدۇڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن نەزەرىيەلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان بەزى كىتابچىلار ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن لۇشيەن، سىياسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش دېگەنلىك. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى يولداشلار گېزىت-ژۇرناللاردا مېنىڭ نامىمنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، قانداقتۇر «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دەپ تىزىۋاپتۇ، بۇمۇ خاتا. سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز ۋە كېيىنكى سۆزلىرىڭىزمۇ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇنداق ئاتاشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، بۇنداق گەپ-سۆزلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك». («ماۋزېدۇڭ خەت-چەكلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابنىڭ 303-بېتىدىن تەرجىمە قىلىندى)

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى ماۋزېدۇڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن يىغىنىنىڭ خىتابنامىسىنى يازغان. خىتابنامىنىڭ ئارگىنالىغا ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ يازغان: «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇنداق بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى جۇڭگو خەلقى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاققا-

چە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ياردەم قىلغان جياڭ جيېشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قولغا كەلگەن». بۇ يەردە ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان، لېكىن ئومۇمىي يىغىن خىتابنامىسىنى ماقۇللىغاندا ۋەكىللەر مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قوشۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان: «خەلقنىڭ داھىيسى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە يىغىنىمىز ھەممە بىر نىيەتتە يېڭى دېموكراتىزم پېرىنسىپى بويىچە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئورتاق پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختىنى بېيجىڭ دەپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق دەپ بېكىتتى...» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 5-تومى، 9-بېتىدىن تەرجىمە قىلىندى).

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش، ئۆزىگە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەشكە قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەشكىمۇ قارشى تۇردى. 1950-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى شېنياڭ شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شېنياڭ شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونىغا خاتىرە مۇنارى ياساش، مۇنار ئۈستىگە ماۋزېدۇڭنىڭ مىس ھەيكىلىنى تىكلەش توغرىسىدا يوليورۇق سوراپ دوكلات يازغان. ماۋزېدۇڭ: «مىس ھەيكەل ياسىسا تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، ئۇنداق قىلماڭلار» دەپ تەستىق سالغان. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنى بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى تيەنئەنمېن مەيدانىغا ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭ مىس ھەيكىلىنى تىكلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇنىڭغىمۇ ماۋزېدۇڭ: «ئۇنداق قىلماڭلار» دەپ تەستىق سېلىپ، ئىككى چوڭ شەھەردە ماۋزېدۇڭنىڭ مىس ھەيكىلىنى تىكلەش توغرىسىدىكى ھەرىكەتنى توسقان. ئۇنداق قىلمىغان بولسا، تيەنئەنمېن مەيدانىدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭ مىس ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرى چوقۇم دورامچىلىق قىلىپ شەھەر مەركىزىگە ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭ مىس ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە مىس بايلىقىنى ئىسراپ قىلغان بولاتتى، شۇڭا بۇنداق ھەرىكەتنى ئىشنىڭ بېشىدىلا چەكلەش زۆرۈر ئىدى.

ماۋزېدۇڭ ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان كونا تۇرالغۇ جايىنى ياساشقىمۇ قارشى تۇرغان. 1950-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى خۇنەن چاڭشيا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن شاڭتەن ناھىيەلىك پارتكوم ماۋزېدۇڭ ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان كونا تۇرالغۇ ئۆيىنى بىر قۇر ياساش ۋە بۇ ئۆيگە تۇتۇشىدىغان تاشيول ياساش ئىشىنى بېكىتىپ شۇ چاغدىكى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ كېچىڭ، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ 1-مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ۋاڭ شۇداۋ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرا جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 3-شۇجىسى دېڭ زېخۇيلارغا دوكلات يازغان. ماۋزېدۇڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارغا مۇنداق خەت يازغان: «ئاڭلىشىمچە، چاڭشيا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن شاڭتەن ناھىيەلىك پارتكوم ھازىر يۇرتۇمدا مەن ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان تۇرالغۇ جايىنى — ئۆيلەرنى قايتا ياساپ، ئۇ يەرگە تۇتۇشىدىغان مەخسۇس بىر تاشيول ياسماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، سىلەر ئۇنى دەرھال توختىتىۋېتىڭلار، ياسىمىسۇن، بۇنىڭ خەلق ئارىسىدا تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، بۇ ئىشنى دەرھال بىجىرىڭلار». («دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماۋزېدۇڭنىڭ خەت-چەكلىرى» 1-تومىنىڭ 529-بېتىدىن تەرجىمە قىلىندى).

ماۋزېدۇڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى چەكلەپ تۇرغاچقا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ماۋزېدۇڭ بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى يېقىن ئىدى، ئۇ ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئاڭلاپ تۇراتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندىمۇ ماۋزېدۇڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەشكە قارشى تۇرغان، ئۇ چاغدا ھەممە ئورۇن ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭ ھەيكىلىنى تىكلەشكە بېرىلىپ كەتكەنىدى، ماۋزېدۇڭ بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن 1967-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى مۇنداق تەستىق يازغان:

«بۇ ئىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىك، ۋاقتىدا توسمىساق، جەزمەن مۇبالىغىچىلىك شاملىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، يولىيورۇق چىقىرىپ بۇ ئىشنى توساپ قويۇڭلار».

مەركىزىي كومىتېت 1967 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇئېنلەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ «ماۋزېدۇڭنىڭ ھەيكىلىنى ياساش مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، بۇ ئىشنى توسقان، لېكىن نۇرغۇن ئورۇنلار «ئۆچكە سادىق بولۇش» ئىدىيەسىنىڭ قوماندانلىقىدا ساراڭلارچە قىزغىنلىق بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ ھەيكىلىنى ياساۋەرگەن.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

# گوگول بىلەن سۆھبەت

لەن يېڭنيەن

ئەسلىي ژۇرنالنىڭ ئىلاۋىسى: بۇ زامان - ماكاننى كېسىپ ئۆتكەن، ئىجادكارلىق بىلەن تويۇنغان پەۋقۇلئاددە سۆھبەت. ئىككەيلەننىڭ قىياسەن سۆھبىتى ئارقىلىق گوگولنى ۋە رۇسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ئەدەبىياتى، ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنەلەيمىز. ماقالىدە ئۇچۇر كۆپ، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك، خاسلىقى ئىگە «ئىشەنچ»لىك ھۆججەت دېيىشكە بولىدۇ.

لەن يېڭنيەن: گوگول ئەپەندىم، سىز جەننەتتە، مەن پانىي ئالەمدە. يېشىڭىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بۇ يىل 202 ياشقا كىردىڭىز. سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟

گوگول: 202 ياشقا كىرگەن بولساممۇ، كۆزۈم روشەن، قۇلىقىم سەگەك، ئوچۇق كۆرەلەيمەن، ئېنىق ئاڭلىيالايمەن. سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە.

لەن يېڭنيەن: ئالدى بىلەن سىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغانغا قەدەر، سىز سۆزلىگەن ھېكايىلەرنى ئاڭلاپلا كەلدىم. تازا ئېچىم پۇشقان ياكى نەس باسقان چاغلاردا، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز ماڭا روھىي تۈۋرۈك بولۇپ تۇردى. مەن ھەتتا سىزگە باھا بېرىپ يازغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. شۇڭلاشقىمۇ سىزگە بولغان چۈشەنچەم يەنىلا ئىنتايىن ئاز. سىزدىن بىر نەچچە مەسىلىنى سوراپ باقسام بولامدۇ؟

گوگول: سوراۋېرىڭ. لېكىن ئالدى بىلەن ماڭا باھا بەرگەنلەردىن كىمنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز قانداق؟

لەن يېڭنيەن: يەتتە - سەككىز ئادەمنىڭكىنى ئوقۇدۇمغۇ دەيمەن. ئاساسلىقلىرىدىن يېرمىلوف، گرافچېنكوف، ماشىنسكى قاتارلىقلار.

گوگول: قانداقلارچە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ قالدىڭىز؟ يېرمىلوف دېگەن بىر چوماقچى تۇرسا! ئۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى كالتەكلىدى. چوماقچى دېگەندە قانداق نۇقتىئىنەزەر بولماقچىتى؟ ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېلىپنى تاياق دېيەلمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى ستالىننى، ئۇلار قۇرۇپ چىققان تۈزۈلمىنى نومۇسسىزلارچە ماختاشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇ مېنىڭ ھەققىمدە بىر نەرسە يازمىدى، بەلكى لېنىن بىلەن ستالىن مېنىڭ سۆزلىرىمدىن نەقىل ئالغان گەپلەرنى شەرھلەپ، داھىيلارنى پۈۋلەپ كۆككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئىناۋەت تاپماقچى بولدى. گرافچېنكوف ھەممىلا نەرسىنى سىنىپىي كۆرەش بىلەن باغلاپ باقتى. مەن «ئۆلۈك جانلار»دا يازغان بىر نەچچە پومېشچىكتىكى ئىللەت، ئەمەلىيەتتە رۇسىيەلىكلەرنىڭ ئىللىتى. بۇ ئىللەت بۇرۇن بولغان، ھازىرمۇ بار، كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ. ئۇنى پومېشچىكلار ۋە كرېپوستنويلار بىلەن باغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ رۇسىيەنىڭ پومېشچىكلىرى بولشېۋىكلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلدى، مەن ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ بولدىمۇ؟ ماشىنسكىغا كەلسەك، ئۇ گرافچېنكوف دېگەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىنچاقلاپ باققان، خالاس!

www.uyghurkitap.com

**لەن يىڭنيەن:** سىز بۇ ئۇچەيلەننى نېمانچە بىلىسىز؟ ئۇلار سىزدىن يۈز نەچچە يىل كېيىن تۇغۇلغان تۇرسا؟

**گوگول:** بۇنى ماڭا پاستېرناك دەپ بەرگەن. ئۇ يېرمىلوفلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى ئەمەسمۇ؟ 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئۇلار پاستېرناكنى ئەدەپلەپ، كۆن ئالغىلى قويمىدى. كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرمىدى. ھەتتا شېكىسپىرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان درامىلىرىنىمۇ نەشردىن چىقىرالمىدى. ئۇ ئۆلۈمەسلىكنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن، ستالىننى ماختايدىغان بىر پارچە شېئىرنى يېزىشقا مەجبۇر بولدى، زورمۇزور ھالدا يېڭى ھاكىمىيەتكە ساداقىتىنى ئىپادىلىدى.

**لەن يىڭنيەن:** مەنمۇ ئۇنى داھىيلارنى مەدھىيەلەپ شېئىر يازغان تۇنجى ئادەم دەپ ئاڭلىۋىدىم.

**گوگول:** تۇنجىمۇ ئەمەسمۇ، چورتلا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. بۇنى ماڭا ئاخماتوۋا تولىمۇ خىجىللىق ئىچىدە دەپ بەرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ چار پادىشاھقا ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان خەتلەرنى يازغان. ئۇلارغا خۇشامەت قىلمىسام، ماڭا پۇل بېرەمتى؟ پۇلۇم بولمىسا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمەن، يېزىقچىلىق بىلەن قانداق شۇغۇللىنىمەن؟ مەن ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ يازماقچى بولغانلىرىمنى يازغىنىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. شۇ چاغدىكى ئابرۇيۇم بويىچە، نېمە يازسام شۇنى نەشر قىلغۇزالايتتىم. قەلەم ھەققىگە تايىنىپمۇ جېنىمنى باقالايتتىم. لېكىن زېھنىم چېچىلىپ كېتەتتى. شۇڭا بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، چار پادىشاھنىڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىشتىن يانمىدىم، مېنىڭ مۇنداق قىلغىنىمنى خېلى كۆپ ئادەملەر كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

**لەن يىڭنيەن:** مەن سورىماقچى بولغان بىرىنچى مەسىلە مۇنداق، سىزنىڭ شۇ چاغدىكى يېزىقچىلىق شارائىتىڭىزنىڭ رۇسىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى شارائىت بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى بارمۇ؟

**گوگول:** مېنىڭ ياشىغان ۋاقتىم نىكولاي I نىڭ ۋاقتىغا، رېئاكسىيون بىر دەۋرگە توغرا كەلدى. مەملىكەت بويىچە كىتاب-گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يازغان نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇش لازىم ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ بۇ يېزىلغان نەرسىلەردە چار پادىشاھقا قارشى سۆزلەرنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك ئىدى. مەن يازغان «ئۆلۈك جانلار»نى تەكشۈرگەن تەكشۈرۈش ئەمەلدارى نىكچېنكوف مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى تەربىيەلەنگەن ئادەم بولۇپ، بىلىنىسكىمۇ قول يازمىلىرىنى شۇ كىشىگە بېرەتتى، ئۇ كۆرۈپ بولۇپلا نەشر قىلىش توغرىسىدا دەرھال تەستىق چۈشۈرەتتى. رۇسىيەنىڭ شۇ چاغدىكى تەكشۈرۈش ئەمەلدارلىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى ئادەملەردىن ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا يازغۇچى ئىدى. گونچاروۋنى بىلىسىزغۇ دەيمەن، «ئوبلوموف»، «ئادەتتىكى ھېكايە» ۋە «قىيا» قاتارلىقلارنى يازغان كىشى، ئۇمۇ تەكشۈرۈش ئەمەلدارى ئىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكشۈرۈش ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چېكا ئۇنسۇرلىرىدىن تەركىب تاپتى. تۈزۈكرەكمۇ خەت تونۇمايدىغان بۇ ئادەملەر، باشقىلارنىڭ كىتابىنى قانداق تەكشۈرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى زىيالىيلارغا بىشەملەرچە زىيانكەشلىك قىلىشلا بولدى.

مەن «دۆنزور»دا ئەمەلدارلارنى بولۇشىغا مەسخىرە قىلغان بولساممۇ، بۇ سەھنە ئەسىرى نەشر قىلىنىپلا قالماي، سەھنىلەردىمۇ ئوينالدى. تۇنجى ئوينالغان كۈنى، چار پادىشاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى باشلاپ تىياتىرخانىغا كەلدى. ئۇلار كۆڭلىنى خۇش قىلىش كويىدا كەلگەنىدى. كومېدىيە دېگەن ئادەمنى خۇش قىلسىلا بولىدۇ-دە! خىلستاكوفنىڭ رولىنى ئويناپ چىققان دىيول ئەپەندىم داڭلىق دراما ئارتىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتۈپ كەتكەن قىزىقچى ئادەم بولغاچقا، كىنەزلەر-تۆرىلەر، شاھزادە-بەگلەر ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق ئىدى. لېكىن، چار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى كۆرگەنسېرى قاپىقى ساڭگىلاپ ئولتۇرالماي قالغان، نىكولاي I مۇ كۆرۈپ بولۇپ: ھەممىڭلار داۋاڭلارنى ئىشتىڭلار، مېنىڭ نېسىۋەم ھەممىڭلارنىڭكىدىن جىق بولدى! — دېگەنىدى.

**لەن يىڭنيەن:** سىزنى نەس بېسىپتىكەندە!

**گوگول:** مەن ئىتالىيەگە كەتتىم.

**لەن يىڭنيەن:** چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدىڭىز؟

**گوگول:** قانداقمۇ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلاي! ئۆز ئەركىم بويىچە كەتتىم، ئىتالىيەگە بېرىپ «ئۆلۈك جانلار»نى يازدىم. ھۆكۈمەت تەرەپمۇ چاتاق چىقىرىپ يۈرمىدى. چار پادىشاھ دەۋرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى

دەۋرىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، يازغۇچىلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چەت ئەللەرگە بارالايتتى. مەندىن كىچىك كەسپداشىم تۇرگېنېۋ يىل بويى چەت ئەلدە تۇراتتى. فرانسىيەدە تۇرۇپ زېرىكسە گېرمانىيەگە باراتتى، دۆلەتكە قايتقۇسى كەلسە، خالىغان ۋاقتىدا قايتالايتتى. چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ ئاسىيلىق قىلىش دېيىلىدىغان ئۇقۇم مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

**لەن يىڭنيەن:** رۇسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە يەنىلا پەرق بار دەڭا! مەن تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكشۈرۈش تۈزۈمى چاررۇسىيەنىڭ تەكشۈرۈش تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان دەپ يۈرۈپتىكەنمەن.

**گوگول:** مۇشۇنداقمۇ ئالجىغان بارمۇ! سوۋېت ئىتتىپاقى رۇسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ قۇرۇلغان، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت نىكولاي II نى ئاغدۇرۇۋېتىپ قۇرۇلغان، بۇنى قانداقمۇ ۋارىسلىق دېگىلى بولىدۇ؟ سىز ئۇلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرىگە قاراپلا، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ۋارىسلىق قىلغان دېسىڭىز بولمايدۇ. بۇ ئىككى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان جايلىرى ناھايىتى كۆپ. چاررۇسىيەدىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ كۆپچىلىكىنى شەخسلەر بېجىرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ بىرسىمۇ قالماي دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا. مەيلى «يېڭى دۇنيا» بولسۇن، مەيلى «ئۆكتەبىر» بولسۇن، ھەممىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەئەللۇق، ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى دۆلەت يامۇلى. يازغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئايلىنىپ قېلىشى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال. چار پادىشاھى دەۋرىدە ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىش-قىلىنماسلىقىنى تەھرىرلەر بەلگىلەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تەھرىرلەرنىڭ مۇنداق ھوقۇقى يوق، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. تۋاردىيۇۋسكى ماڭا: ئۆزىنىڭ «يېڭى دۇنيا»غا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە چەكمىگەن جاپاسى قالمىغانلىقىنى، بىر پارچە ماقالىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن تەشۋىقات بۆلۈمىگە نەچچە قېتىملاپ قاترايدىغانلىقىنى، ئەمەلدارلار بىلەن تاكاللىشىدىغانلىقىنى، چۈشەندۈرمەن دەپ كاپشىيدىغانلىقىنى، سەممىيلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارغا يېلىنىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

**لەن يىڭنيەن:** تۋاردىيۇۋسكى بىلەنمۇ كۆرۈشكەندەڭ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە قايسى يازغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنىدىڭىز؟ فادىيېۋ، ماياكوۋسكى ياكى پانفىلوف، كوچېتوفلار بىلەنمۇ كۆرۈشكەنمۇ؟

**گوگول:** فادىيېۋ بىلەن ماياكوۋسكى مېنىڭ قېشىمغا كېلەلمەيتتى، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. پانفىلوف بىلەن كوچېتوفمۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىگەن، ئۇلار باشقا يەرگە كەتكەنلەر.

**لەن يىڭنيەن:** كېيىنكى ئىككەيلەننىڭ جۇڭگودا ئوبدانلا داڭقى بار. پانفىلوفنىڭ «بىلەي كولخوزى» 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، لېكىن، ئوقۇرمەنلىرى كۆپ ئەمەس. كوچېتوف يازغان «ژوربىننىڭ ئائىلىسى»، «ئاكا-ئۇكا يىرشوفلار»، «ئۆيكوم سېكرېتارى»، «بۇرجەك»، «ساڭا زادى نېمە لازىم» دېگەن ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئوقۇرمەنلىرى پانفىلوفنىڭكىدىن كۆپ. بۇ ئىككى يازغۇچىغا قانداق قارايسىز؟

**گوگول:** باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى چوكوۋسكى ئۇ ئىككىسى توغرىسىدا ماڭا گەپ قىلىپ بەرگەن، شۇڭا، ئۇلاردىن ئاز-پاز خەۋىرىم بار. پانفىلوف ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنى جاھىللىق بىلەن قوغدىغان، يېزا ئىگىلىكىدىكى كوللېكتىپلىشىشنى كانىيى يىرتىلغىچە مەدھىيەلىگەن ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات ئىستېداتى كەمچىل، مەدەنىيەت سەۋىيەسىمۇ تۆۋەن، جۈملىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ تۈزەلمەيدىغان بولغاچقا، گوركىي تەرىپىدىن تەنقىد يېگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغانلىق. كوچېتوفمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر جاڭگالنىڭ ئادەملىرى. ھە دېسىلا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سىياستىنى ماختاپ يۈردى. لېكىن، مەدەنىيەت سەۋىيەسى سەل-پەل ئۆرە بولغاچقا، پۇرسەتپەرەسلىككە بەكرەك ئۇستا. ئۇلارنىڭ كېرىلىپ تۇرۇپ تىلغا ئالىدىغان شاگىرتى بابايوۋسكىغا كەلسەك، ئۇ ھېلىقى «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» بىلەن «يەر ئۈستىدە نۇر»نى يازغان ئەبلەخ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرىدىكى ئىككىسىدىنمۇ تۆۋەن، يېرىم ساۋاتسىز دېسەك بولار. ئاڭلىسام بابايوۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى، دەيدۇ.

جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەك چوقۇندى بولغاي، ستالىن
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلا بولسا، ھەممىنى تەرجىمە قى-
لىپتۇدەك. پانفىلوف «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلىغا كۆپ يىل رىيا-
سەتچىلىك قىلغان، كوچېتوف «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزى-
تى»گە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەسەرلەر-
نى ئىجاد قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇلارنىڭ كۆزى چۈشە-
دىغىنى بىتەھقىق ناچار نەرسىلەر، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
ئىجاد قىلىشقا قەتئىي يول قويمىغان.

سولژېنىتسىن ماڭا كوچېتوفنى سوسلوفنىڭ ساغرىسىنى
سىيلاپ يۈرۈپ يۇقىرىغا ياماشقان دەپ سۆزلەپ بەردى.
ئۇنىڭ مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى دەپ بەرگىنى ئېسىمدە.
كوچېتوف سوسلوفتىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغاندا:
«يولداش سوسلوف، مەن سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنى ئۆرە
تۇرۇپ ئېلىۋاتىمەن» دەيدىكەن. سوسلوف بىرىژنېفنىڭ
ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان چوڭ شەخس، سوۋېت ئىتتىپاقىدى-
كى ئاڭ فورماتسىيەسىنىڭ باش غوجدارى، ئادەملەر كۆل
رەڭ كېيىملىك كاردىنال دەپ ئاتايدىغان مۇنداق
شەخسنىڭ ساغرىسىنى سىيلىغانلار تېز سۈرئەتتە ئۆسمەي
قالامدىغان! سىز كوچېتوفنىڭ ئوقۇرمەنلىرى پانفىلوفنىڭكى-
دىن كۆپ دېدىڭىز، بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى
ئوبدان بىلىمەن، بۇنى سىلەرنىڭ باجىن ماڭا دەپ
بەرگەن. كوچېتوفنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرى سىلەردىكى
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇ
چاغدا سىلەر ياشلارنى كىتاب ئوقۇغىلى قويماي، يېزا-
قىشلاقلارغا ھەيدىۋەتتىڭلار. ئۇلار كىتاب ئوقۇمىسا نېمە
ئىش قىلىدۇ؟ نەتىجىدە ئۇلار ئۆزىنىڭ پەم-پاراستىنى
ئىشقا سېلىپ كىتاب ئىزدىگەن. بىرەر كىتابنى قولغا چۈ-
شۈرگەن ھامان، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئوقۇغان؛ ئۇلار
كوچېتوفنىڭ كىتابلىرىنى شۇ چاغدا كۆرگەن. كوچېتوفنىڭ
كىتابلىرىدا بەزى ۋەقەلەر يېزىلغاندىن سىرت، مۇھەببەت
ھېكايىلىرىمۇ سۆزلەنگەن، ياشلار زەھەر ئىچىپ تەشنالىقى-
نى قاندۇرماقچى بولغاندەك، بۇ كىتابلارغا دۈملا
چۈشكەن. كۆرىدىغان باشقا كىتاب بولمىغان ئەھۋالدا، مۇ-
شۇنداق قىلماقتىن باشقا نېمە ئامال بار. جۇڭگو ياشلىرى
رۇسىيە ئەدەبىياتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىدىكى
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن دەرقەم بولالمىغاچقا، كوچېتوف-
نى رۇسىيەنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى
چاغلاپ قالدى. بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش بولدى. پانفى-
لوفنىڭ «بىلەي كولخوزى» خېلى بالدۇرلا تەرجىمە قى-
لىنغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىلا سوۋېت ش-
يۇجېڭجۇيىچى ئەدەبىياتىدىكى ئوقۇش چەكلەنگەن كىتاب-
لار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، ياشلار ئوقۇپ بو-
لالمىغان.

ياشلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا نېمىشقا يول قويمىغانلى-
قىڭلارنى بىلەلمەيلا قالدىم. جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ئۆگىنەتتى ئەمەسمۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنداق قىلمىغان
ئەلۋەتتە، ئۇلاردىمۇ تەشۋىقاتنى يېتەكلەش بولغان، ياش-
لارنى ئۆزلىرىنىڭ سىياستى تەشۋىق قىلىنغان كىتابلارنى
ئوقۇشقا چاقىرغان. باشقا كىتابلارنىمۇ ئوقۇشقا يول
قويغان، ئالايلۇق، مېنىڭ كىتابلىرىمنى، تۇرگىنېۋنىڭ، تو-
لستوينىڭ كىتابلىرىنى چەكلىمىگەندى.

لەن يىڭنيەن: كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، جۇڭگو-
دا خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇسا بولىدىغان بولدى.
لېكىن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چەت ئەل ئە-
دەبىياتى (جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەربنىڭ)
شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى فېئودالىزم،
كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى ئەدەبىياتى دەپ بېكىتىلدى. بۇ
ئىش يالغۇز ئەدەبىيات بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئىلىم-
پەننىڭ باشقا ساھەلىرىمۇ قۇرۇق قالمىدى. كۆپ ئەزۋەيلە-
گۈم يوق. بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى سىز ئوچۇق بىلمىگەن
بىلەن، جۇڭگولۇقلارمۇ ئوچۇق بىلمەيدۇ دېگىلى بولماي-
دۇ. بۇ دېگەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك. مەن سىزدىن بىلە-
ۋالماقچى بولغان ئىككىنچى مەسىلە. سىزنىڭ بىۋاستە ۋا-
رىسلىرىڭىز كىملەر؟ بۇ رۇسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدى-
كى يازغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گوگۇل: بىۋاستە ۋارىسلىق قىلغانلاردىن بىرسىمۇ
يوق. ئىجادىيىتىمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلارغا
كەلسەك، ئۇلار تولا گەپ. رۇسىيە يازغۇچىلىرىدىن مەش-
ھۇرلىرى دوستىيوۋسكى، سالتىكوف-شىدرىن، چېخوف قا-
تارلىقلار. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يازغۇچىلاردىن تەيفى،
بۇلگاكوف، زوچېنكو، ئەلۋەتتە، يالغۇز مۇشۇ ئالتەيلەنلا
ئەمەس. مۇشۇنچىلىكلا مىسالغا ئالدىم، خالاس. لېكىن، بۇ
ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى مېنىڭكىگە قۇيۇپ قويغان-
دەك ئوخشايدۇ دېگەنلىكىمۇ ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق

ئەمەس. ناۋادا ئوخشاپ قالسا دورامچىلىق بولىدۇ. ھالبۇـ
كى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس پەۋقۇلئاددە ئىـ
جادىيەت ئۇسلۇبى بار. ھەتتا، تۇرگىنېۋمۇ مېنىڭ تەسىرىمـ
گە يولۇققان. بىراق ئۇنىڭ ئۇسلۇبى مېنىڭكىگە مۇتلەق
يېقىن كەلمەيدۇ. دوستىيوۋىسكى بىز ھەممەيلەن گوگولنىڭ
«شىنىل» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق تەۋەللۇت بولغان
دەپتۇ. بۇلگاكوف ماڭا ئورنىتىلغان قەبرە تېشىدىن بىرنى
ئېلىپ، ئۆزىگە قەبرە تېشى قىلماقچى بوپتۇ. ئاڭلىسام
ئۇنىڭ ئايالى تەپتارتماي بىر تال تاشنى ئېلىپ كېتىپتۇـ
دەك. ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە موسكۋادىكى يېڭى مەبۇدە
قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان. مەن تىلغا ئالغان سوۋېت ئىتتىپاـ
قى يازغۇچىلىرى ئىچىدىن ئىككەيلەننى سىلەر جۇڭگولۇقـ
لار تازا ئوبدان بىلمەيدىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بىر
نەچچە ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇـ
رىدۇ. بۇلگاكوف ئىزچىل يوسۇندا لاپۇ (پورولېتارىيات
يازغۇچىلار جەمئىيىتى)نىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي بولالماي ياـ
شىدى. كۆپتىن-كۆپ دراملىرى نەشر قىلىنمىدى، ئوينالـ
مىدى. ئۇ مەن يازغان «ئۆلۈك جانلار»نى سەھنە ئەسـ
رى قىلىپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، موسكۋا بەدىئىي تىياتىـ
رىدا ئوينالدى. ئۇ بىر مەھەل شۇ «ئۆلۈك جانلار»دىن
كەلگەن باج بىلەن جان باقتى. تەيفىگە كەلسەك، ئۇ
سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى يازغۇچى، لېكىن، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ يازغۇچىسى ئەمەس. ئۇ ئۆزىمۇ مەن رۇسىيەـ
نى سۆيىمەن، لېكىن، بولشېۋىكلاردىن نەپرەتلىنىمەن
دېگەن. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرسلىكىدە ئۆكتەبىر سىياسىي
ئۆزگىرىشى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئىنقىلاب بولامدۇ، سىياـ
سىي ئۆزگىرىش بولامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق.
نېمىلا بولمىسۇن، تەيفى 1917-يىلىدىن كېيىن فرانسىيەگە
قېچىپ كەتتى، مانا بۇنى سەرگەردانلىق دېسە بولىدۇ،
مېنىڭ ئىتالىيەگە كەتكىنىم بىلەن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ.
تەيفى ئەقىللىق ئايال يازغۇچى بولىدىغان، ئۇ ئادەم تەبىـ
ئىتىدىكى كۆلكىلىك نەرسىلەرنى تۇتۇۋېلىشقا بەك ماھىر
ئىدى. 1917-يىلىدىن بۇرۇن، رۇسىيەدە ئۇنى بىلمەيدىـ
غان ئادەم يوق ئىدى. كىنەزلەر، تۆرىلەر، ۋەزىر-ۋۇزراـ
لاردىن تارتىپ پوچتالىيون، ياپىمچىلارغا قەدەر ھەممەيـ
لەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆرەتتى، ھەتتا، چار پادىشاھ
نىكولاي II مۇ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى.

1946-يىلى يازدا سىمىنوف بىلەن ئېرىنبورگ پارىژغا
زىيارەتكە بارغاندا، ستالىن سىمىنوفقا رۇسىيە يازغۇچىلىـ
رىدىن بۇنىنىي ياكى تەيفىنى دۆلەتكە قايتىپ كېلىشكە
تەكلىپ قىلىدىغان بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرغان، ھەر ئىككەيـ
لەننى قايتۇرۇپ كەلسەڭلار تېخى ياخشى، بىرسى قايتىپ
كەلسىمۇ بولىدۇ دېگەن. تەيفى ماڭا بۇنىنىڭ بولشېۋىكـ
لارغا بولغان نەپرىتى مېنىڭكىدىن كەم ئەمەس دېگەنىـ
دى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىككەيلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ھەرگىز قايتمايتتى. شۇ چاغدا تەيفى سىمىنوف بىلەن ئېرىنـ
بورگنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرانسىيەدىكى ئەلچىخانىسىـ
دا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن، رۇسىيەنىڭ
مۇھاجىر يازغۇچىلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر
تاپقان ھەمدە 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيەدە
ئۆتكەن جاپالىق كۈنلەرنى، كۈنلەپ-كۈنلەپ ئاچ قالغاـ
نىڭ ئۇستىگە، بىر ئاي ئۆتكىچىمۇ گۆش دىدارىنى كۆرمەـ
گەنلىكىنى ئويلاپ، تەييار زىياپەتتە پۇخادىن چىققۇدەك
تويۇۋالايمىزمۇ دېگەن يەرگە كەلگەن. كىيىملىرى ئۇتمـ
تۆشۈك بولۇپ كەتكەن رۇسىيەلىك مۇھاجىر يازغۇچىلار
ئوخشاش مۇددىئادا فرانسىيەدىكى ئەلچىخانىغا جەم
بولغان. ئۇلار شىرە ئۈستىدىكى قىممەت باھالىق، مەززىـ
لىك تائاملارنىڭ ئېشىپ-تېشىپ تۇرغانلىقىنى، موسكۋانىڭ
قېزىلىرىدىن تارتىپ كامچاتكىنىڭ بېلىقىغا قەدەر نەرسىلەرـ
نىڭ تىزىلغانلىقىنى، قارىغان ھامان ئاغزىغا سېرىق سۇ كېـ
لىدىغان رۇسىيە بېلىق تۇخۇمى كونسېرۋالىرىنى كۆرۈپ،
مۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتسە بولمايدىغانلىقىنى، قوۋۇزى تولـ
غۇدەك يېيىش كېرەكلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. سىمىنوف
ئالدى بىلەن سۆزلەپ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىـ
سىنى، سوۋېت خەلقىنىڭ بۇ غەلىبە ئۈچۈن غايەت زور
قۇربانلارنى بەرگەنلىكىنى، ستالىنىنىڭ دانا رەھبەرلىكى
مۇشۇ غەلىبىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرغان. سىمىـ
نوف سۆزلەۋاتقاندا، تەيفى بۇنىنغا ئىشارەت قىلغان، ئىككىـ
سى ۋىلكا-پىچاقلارنى ئىشقا سېلىپ، بېلىق كونسېرۋاسىغا
تېگىش قىلغان. سىمىنوف ستالىنىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن
قەدەھ كۆتۈرگەندە، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ
لىرىنى سوقۇشتۇرغان، پەقەت تەيفى بىلەن بۇنىنلا ئورنىـ
دىن تۇرمىغان. ئۇلار مەززىلىك تائاملارنىڭ ئىچىگە غەرق

بولغان. سىمنوف قېرىنداشلارنى ۋەتەننىڭ مەززىلىك تا-
ئاملىرىغا ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلغاندا، كامچاتكا بېلىق-
نىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىلا قالغان، بېلىق تۇخۇمى كوزى-
سېرۋاسى تۈگەپ كەتكىلى تاس قالغان.

ستالىن تەيفى بىلەن بۇنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بىر چاغدا دۆلەتكە قايتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ داھىيلارنىڭ ئويى-پىكرى چوڭقۇر، ئالدىراپ بىر نەرسە دېمەك تەس. ئاردىدىن ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ئاخماتوۋا بىلەن زوچېنكونىڭ بېشىغا تەنقىد ئوقلىرى يامغۇردەك شىددەت بىلەن يېغىشقا باشلىدى. سوۋېت پارتىيەسىنىڭ كاتىپبېشى ژدانوف ئۇلارنى تىللاپ ئەمەسلا قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇلار سوۋېت ھاكىمىيتىنى قوغدىغان، ئاشكارا سورۇنلاردا سوۋېت ھاكىمىيتىگە قارشى ھېچقانداق گەپ قىلمىغانىدى. زوچېنكو ماڭا بۇ ئىش قارىماققا ئۇلارنى تەنقىد قىلغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ژدانوف ئېقىمدىكىلەر بىلەن مالىنكوف گۇرۇھى ئارىسىدىكى كۆرەش ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدى. زوچېنكونى تەنقىد قىلىشقا ئۇنىڭ لېنىنگرادتىكى ژۇرنال «يۇلتۇز»دا «مايمۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بىراق، بۇ ھېكايىنى ئۇ ئۆزى بۇ ژۇرنالغا ئەۋەتمىگەن. بەلكى، مالىنكوفنىڭ ئادەملىرى چاتاق تېرىپ، ئۇ باللار ژۇرنىلى «مەينەت بالا»دا ئېلان قىلدۇرغان بۇ ھېكايىنى چوڭ ھەجىملىك ژۇرنال «يۇلتۇز»غا يۆتكەپ باستۇرغان ۋە بۇ بالا-قازانى ژدانوفنىڭ شىللىسىغا ئارتىپ قويغان. لېنىنگراد ژدانوفنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى يەردە قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ سادىر بولغانلىقى، ژدانوفنىڭ ھوشيارلىقىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. مالىنكوف گۇرۇھىدىكىلەر ستالىننىڭ لېنىنگرادتىكى ژۇرناللارنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مۇشۇنداق بىر مۇنتىزىم ژۇرنالدا تويۇقسىزلا بىر پارچە باللار ئوقۇشلۇقىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. بۇ ئەھۋال زوچېنكونىڭ ئەلك ئېغىر جىنايىتى ھېسابلاندى. ئاخماتوۋا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرى، 1917-يىلىنىڭ ئالدىدىلا يازغان شېئىرلىرى ئۈچۈن تەنقىد قىلىندى. ئۇلار كونا خاماننى سورۇپ باقماقچى بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تەيفى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. بۇ ئىككەيلەن بولشېۋىكلارنى، سوۋېت ھاكىمىيتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا قاغىغانىدى. بۇنىڭ «قارغىش تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇلارنى تېخىمۇ رەسۋا قىلغانىدى. ئۇلارنى تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلغان بولارمىدى؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇلار ھەر ئىككەيلەنگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بولاتتى.

لەن يىڭنيەن: زوچېنكونى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىنى قامداشقا ئامالسىز قېلىپ، ياماقچىلىق بىلەن جېنىنى باقتى دەپ ئاڭلىغىدىم. ئۇ ئەسىر ئېلان قىلىپ بېقىش كويىدا «مەدھىيە تەرىقىسىدىكى ھەجۋىي ھېكايە»لەرنى يېزىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ مەغلۇپ بولغانىكەن.

گوگۇل: يالغان سەپسەتە، قارىمۇقارشى ئۇقۇمنى قانداقمۇ بىر-بىرىگە چاتقىلى بولسۇن؟ زوچېنكونى ھەممەيلەن مېنىڭ ۋارىسىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ يازغانلىرىم رۇسىيەلىكلەرنىڭ ئىللىتى، ئۇنىڭ تەنقىد قىلغانلىرى ئېكسپلاتاتورلار سىنىپىدىكى چىرىك ئىدىيەنىڭ سوۋېت ئادەملىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى.

لەن يىڭنيەن: ئۈچىنچى سوئالنى سورىغۇم بار. سىز قانداق يازاتتىڭىز؟

گوگۇل: سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ۋىرساكوف «گوگۇل قانداق يازاتتى» ناملىق بىر كىتابنى ئېلان قىلغان، ئوقۇپ باققانمۇ؟

لەن يىڭنيەن: ئوقۇپ باققان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىممۇ قىلغان. ئۇنى جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەر بەك ياخشى كۆرگەن بولغاچقا، بەش-ئالتە قېتىم نەشر قىلدۇرغان.

لۇشۈن بۇ كىتابنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ، مېنىڭ شەخۇەننى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. سىز ۋىرساكوفنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلامسىز؟

گوگۇل: سىز بۇ كىتابنى لۇشۈن تەۋسىيە قىلغان دەۋاتامسىز؟ مەن لۇشۈن بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرگەن بولغاچقا، «ئۆلۈك جانلار»نى ئۆز قولى بىلەن تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، ياش بۇرادەرى ۋېي سۇيۈەننى «شىنىل» ناملىق ھېكايەمنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا لۇشۈن مېنىڭ

ئەسىرىمنى رۇسچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلمىغاندەك تۇردۇ. شۇڭا، ئۆلگەن كرىپوستنويلارنى ئۆلۈك جانلار دەپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويغان. مەن يازغان ۋەقەنى چىچىكوفنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىلمىگەن كرىپوستنويلاردىن پايدىلىنىپ مال-دۇنيا يىغىۋالغانلىقىغا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى. «ئەرۋاھ» دەپ تەرجىمە قىلغاندا چۈشىنىكسىز بولۇپ قالاتتى. بۇ سۆزنىڭ رۇس تىلىدا ئىككى مەنىسى بار: بىرى كرىپوستنوي، بىرى روھ. «روھ» دېسەك چۈشەنمەك ئوڭاي، «ئەرۋاھ» دېسەك ئۆلۈپ كەتكەنگە باراۋەر، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلمەك تەس.

**لەن يىڭنيەن:** لۇشۈن بۇ ئەسەرنى ياپون تىلىدىكى نۇسخىغا ئاساسەن، نېمىسچىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ ئىسمىنىڭ تەرجىمىسىدە ھەقىقەتەن مەسىلە بار. كۆرمىگەن ئادەم ئۇنىڭ زادى قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. كىتابنىڭ سىز قويغان رۇسچە ئىسمى پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئىخچاملىغان، بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ.

**گوگول:** ۋېرساكوف مېنىڭ ئىجادىيىتىمنى ماتېرىيال توپلاش، يېزىقچىلىق جەريانى، ئارگىنالنى ئۆزگەرتىش ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش قاتارلىق بىر نەچچە جەھەتتىن بايان قىلغان، ئاساسەن توغرا يازغان، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسەن قوشۇلىمەن. ئۇ مېنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىگەن دەپتۇ، مەن ئۆزۈم تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغان تۇرسام، تۇرمۇش دېگەن ھەممىلا جايدا مانا مەن دەپ تۇرسا يەنە قانداق چۆكسەم بولاتتى؟ مېنىڭ ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشىمنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى كۆزىتىش بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئەركىن-ئازادە سۆزلىگەن گەپلىرىگە شۇنچىكى ئامراق، بىر تالاي ئىجادىيەت ماتېرىيالىنى شۇنىڭدىنلا تاپىمەن. «شىنىل»دىكى ۋەقەنىمۇ شۇنداق سورۇندىن تاپقان، پەقەت بەزى سۇژىتلارنى ئازراقلا ئۆزگەرتكەن، خالاس!

**لەن يىڭنيەن:** سىز بىلەن مۇڭدىشىپ كۆپ نەپ ئالدىم. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، دەم ئېلىڭ، پۇرسەت تاپسام، يەنە ساۋاق ئالغىلى كېلىمەن.

---

(«كىتابلاردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 11. سانىدىن **ئىمىن ئەخمىدى** تەرجىمىسى)

# ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى

**جىبران خېلىل جىبران (لىۋان)**

1

ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟

تىل پۈتكۈل مىللەتنىڭ ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مىللىي ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر خىلى. مۇبادا ئىجادىيەت ئىقتىدارى توختىسا، تىلمۇ ئىلگىرىلەشتىن توختايدۇ. بۇنداق توختاش چېكىنىشنى، چېكىنىش ھالاكەت بىلەن يوقىلىشنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق دۆلەتلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ياكى مەۋجۇت بولمىغان — ئىجادىيەت ئىدىيەسىنىڭ ئىستىقبالىغا باغلىق بولىدۇ. مۇبادا، شۇنداق ئىدىيە مەۋجۇت بولسا، ئۇ ھالدا ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش پارلاق ھەم ئۇلۇغ بولىدۇ؛ مۇبادا، ئۇنداق ئىدىيە مەۋجۇت بولمىسا، ئۇ ھالدا ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولغان سۇرىيە تىلى، ئىبراي تىلىنىڭ بۈگۈنى بولۇپ قالىدۇ.

بىز دەۋاتقان ئىجادىيەت ئىقتىدارى قانداق بولىدۇ؟

بىر مىللەتنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئىلگىرىلەشنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئىرادىسى بولىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى مىللىي مەركەزدىكى ئاچلىق ۋە تەشنالىق ھەمدە بىلىنمىگەن جىمى تەلپۈنۈش روھتىكى كېچە-كۈندۈز ئىشقا ئاشىسىكەن دەپ تەشنا بولۇۋاتقان خىيال بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، بىر تەرەپتىكى ھالقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىسا، يەنە بىر تەرەپتە تۇرمۇشنىڭ يېڭى بىر ھالقىسى كۆپىيىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى شەخستە بولغاندا ئۇ ئەقىل-پاراسەت بولىدۇ. كوللېكتىپتا بولغاندا قىزغىن ھەم يالقۇنلۇق قۇدرەت بولىدۇ. شەخسنىڭ ئەقىل-پاراستى كوللېكتىپنىڭ شەكىلسىز خاھىشىنى تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىنىڭ ئىقتىدارىغا ئايلاندۇـ

رىدۇ. جاھالەت دەۋرىدە شائىرلار ئۆسۈپ يېتىلگەن. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى ئەرەبلەر ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدە شائىرلار بۆلۈنۈشكە باشلىدى، چۈنكى، ئۇ چاغدا ئىسلام دۆلەتلىرى بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. شائىرلار قەدەم تاشلىدى، يۈكسەلدى، ئۆرلىدى. بىرلىرىدە پەيلاسوپ، بىرلىرىدە دوختۇر، يەنە بىرلىرىدە ئاسترونوم بولدى. تاكى، ئۇيغۇ ئىلاھى ئەرەب تىلىدىكى ئىجادىيەت قۇدرىتىنى پاراكەندە قىلغانغا قەدەر شۇنداق بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈش دۇنياسىغا غەرق بولدى، ئېغىر ئۇيقۇغا پاتتى، شائىرلار شېئىر يازىدىغان ئادەمگە، پەيلاسوپ ناتىققا، دوختۇر پالچىغا، ئاسترونوم مۆنەججىمگە ئايلاندى.

مۇبادا، يۇقىرىدا دېگەن گەپلەر راست بولسا، ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىدە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ دۆلەتلەر مىللىيلىققا ئىگە بولسا ياكى روھىي جەھەتتە بىر دەك ئىتتىپاقلاشسا، ئۇ خىلدىكى مىللىيلىق مۇجەسسەملەشكەن ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئۇزاق ئۇيقۇدىن ئويغانسا، ئۇ ھالدا ئەرەب تىلىنىڭ ئىستىقبالى بۇرۇنقىغا ئوخشاش پارلاق ھەم ئۇلۇغ بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

2

ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن غەرب روھى ئەرەب تىلىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

تەسىر بىر خىل شەكلەن ئۇزۇق، تىل ئۇنى سىرتتىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ھەزىم قىلىدۇ. پايدىلىق نەرسىلەر تىلنىڭ جانلىق تەركىبىگە ئايلىنىدۇ، خۇددى بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاش كۈن نۇرى، ھاۋا ۋە تۇپراقنىڭ تەركىبى دەرەخنىڭ شاخ ـ ياپراقلىرىغا ۋە مېۋىلىرىگە ئايلانغاندەك. ئەمما تىل ياخشى تەتقىق قىلىنىپ، ياخشى ئىستېمال قىلىنمىسا، ئۇ ھالدا بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە، يەنە جاننى ئالىدىغان ئوغىغا ئايلىنىدۇ. نۇرغۇن دەرەخلەر تەسكەي يەردە ئۆسۈشكە ئۇرۇنغاچقا كۈنگەي يەرگە يۆتكەلمىشى بىلەنلا سولىشىپ قۇرۇپ، ئۆلىدۇ. مۇنداق بىر ھېكمەت ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان: تەلەيلىكلەر ئىنئام قوبۇل قىلغاچقا بېيىدۇ، تەلەيسىزلەر چىقىم قىلغاچقا تېخمۇ گادايلىشىدۇ.

غەربنىڭ روھى ئىنسانلارنىڭ بىر رولچىسى ھەم ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بىر سەھىپە. ئىنسانلار تۇرمۇشى غايەت زور بىر قوشۇن بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. تىل، ھۆكۈمەت ۋە ئېتىقادنىڭ ھەممىسى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۇچقان ئالتۇندەك توپا ـ چاڭلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغان مىللەت ئىجادىيەتچىدۇر؛ ئىجادىيەتچى تەسىر كۆرسەتكۈچىدۇر، بۇ قوشۇننىڭ ئارقىسىدا ماڭغان مىللەت دورامچىدۇر؛ دورامچى تەسىرگە ئۇچرىغۇچىدۇر. شەرقلىقلەر ئالدىدا ماڭغان، غەربلىكلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان چاغلاردا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئۇلارنىڭ تىلىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما ھازىرچۇ؟ ئۇلار ئالدىدا مېڭىۋاتىدۇ، بىز ئەگەشكۈچىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. تەبىئىيكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بىزنىڭ تىلىمىزغا، ئىدىيەمىزگە ۋە ئەخلاقىمىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئەمما، ئۆتمۈشتە غەربلىكلەر بىز تەييارلىغان غىزا ـ تائاملارنى يەيتتى، پايدىلىق نەرسىلەر غەربنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتىكى جانلىق تەركىبكە ئايلىناتتى. ئەمما، ھازىر شەرقلىكلەر غەربلىكلەر تەييارلىغان ئاش ـ تائاملارنى يەيدۇ، چاينىمايلا يۇتىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى جانلىق تەركىبكە ئايلانمايدۇ، پەقەت يېرىم غەربلەشكەن نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ مەن قورقىدىغان ۋە ھېس قىلىدىغان پەرىشانلىقتۇر. چۈنكى، بۇ ماڭا شۇنى نامايان قىلىدۇكى، غەرب بەزىدە چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بوۋايغا، بەزىدە چىشى چىقمىغان بوۋاققا ئوخشاپ قالىدۇ!

غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيەسى بىزنىڭ دوستىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، مۇبادا بىز ئۇنى قايىل قىلالىساق ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ، مۇبادا ئۇ بىزنى قايىل قىلسا، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىدۇ. بىز ئۇنىڭغا قەلب قەسرىمىزنى ئاچساق، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ، مۇبادا بىز يۈرىكىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرساق، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە ئايلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە پايدىلىق نەرسىگە ئېرىشسەك، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ؛ مۇبادا بىز روھىمىزنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويساق، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىدۇ.

3

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي تەرەققىياتى قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟

غەرب بىلەن شەرق يازغۇچىلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بىردەك: ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي، مەمۇرىي ۋە پسىخىك جەھەتتە قالايمىقان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ دەپ قاراشتى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنداق قالايمىقانچىلىق بۇزغۇنچىلىق

ئېلىپ كېلىدۇ، ھالاكەت پەيدا قىلىدۇ دەپ قاراشتى. مەن ئۆزۈمدىن: «بۇ قالايمىقانچىلىقمۇ ياكى روھىي چۈشكۈنلۈكمۇ؟» دەپ سورايمەن.

ئەگەر روھىي چۈشكۈنلۈك بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق چۈشكۈنلۈك ھەر بىر مىللەتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ھەر بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ — چۈشكۈنلۈك ھارغىنلىق ھالىتىدىكى ئاخىرقى ئايرىلىش، ئۇيقۇ ھالىتىدىكى ئۆلۈمدۇر.

ئەگەر راستىنلا قالايمىقانچىلىق بولسا، ئۇ ھالدا قالايمىقانچىلىق قانۇنلۇق بولىدۇ، ھەمىشە پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى مىللىي روھتىكى يوشۇرۇن نەرسە بولغاچقا ئويغاقلىقنى مەستلىك، ھوشسىزلىق ئورنىغا قويىدۇ. خۇددى بوران دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ، ھەتتا دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋېتەلمىسىمۇ، ئەمما دەرەخنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، سارغايغان ياپراقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەگەر ھېلىھەم ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەت ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولسا، ئۇ ھالدا بۇ مىللەت شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىجادىي قۇدرەتنىڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى، پۈتكۈل مىللەتنىڭ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. تۇمان تۇرمۇش دەرسلىكىدىكى بىرىنچى سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخىرقى سۆز بولالمايدۇ؛ تۇمان دەل قالايمىقان تۇرمۇشتۇر.

خوش، سىياسىي تەرەققىياتنىڭ تەسىرى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشكە بۇيرۇدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۇتۇق، مۇرەككەپ مەسىلىنى ئېنىق ماددىلارغا ئايلاندۇردى ۋە مۇۋاپىق ماسلاشتۇردى. ئەمما، ئەمەلىي گەۋدىنى مەڭگۈ چۈشكۈنلۈك ئورنىغا، قىزغىنلىقنى پەرىشانلىق ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. كۇلالچى لايدىن شاراب خۇمىرىسى ياسايدۇ، ئەمما، ئۇ قۇم بىلەن شېغىلدىن ھېچنېمە ياسىيالمايدۇ.

4

ئەرەب تىلى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە غەيرىي ئالىي مەكتەپلەردە ئومۇملاشتۇرۇلدىمۇ ياكى جىمى دەرسلەر ئەرەب تىلىدا ئۆتۈلدىمۇ؟

ئالىي مەكتەپلەر ۋە غەيرىي ئالىي مەكتەپلەرنى ساپ مىللىي خاراكتېرگە ئىگە مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقمىغۇچە ئەرەب تىلى ئۇ مەكتەپلەردە ئومۇملاشتۇرۇلمايدۇ؛ مەكتەپلەر خەير - ساخاۋەت ئورنى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، دىنىي گۇرۇھلارنىڭ قولىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتمىگۈچە ئەرەب تىلىدىكى بارلىق دەرسلەرنى ئەرەب تىلىدا ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن: سۈرىيەدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش خەير - ئېھسان شەكلى ئارقىلىق غەربتىن كەلگەن. بىز ھېلىھەم خەير - ئېھسان بولكىسىنى يەۋاتىمىز. چۈنكى، بىز ئاچلىقتىن ھالىمىز قالمىغان ئادەملەر بولغاچقا، ئۇ بولكا بىزنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى؛ بىزنى قۇتقۇزۇۋالغان تۇرۇپ يەنە بىزنى ئۆلۈم گىردابىغا تاشلاپ قويدى. ئۇ بولكا بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ جىمى سەزگۈ ئەزالىرىمىزنى ئويغاتتى، مېڭىمىزنى سەل - پەل سەگىتتى؛ ئەمما يەنە بىزنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. چۈنكى، ئۇ تىلىمىزنى بۆلۈپ، ئىتتىپاقلىقىمىزنى ئاجىزلاشتۇردى. مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈۋەتتى، بىزنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمىزنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز ھەۋىسى، قىزىقىشى، گۈزەللىك قارىشى قاتارلىقلار ئوخشىمايدىغان بىرقانچە كىچىك مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ كەتتى. بىر قىسىملىرى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئارقانلىرى بىلەن باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ تەرىپلىدى. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئىلىم ئېلىۋاتقان ياشلار ئامېرىكىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە، دىنىي جەمئىيەتتە بىلىم شەربىتىنى سۈمۈرۈۋاتقان ياشلار فرانسىيەنىڭ ئەلچىسىگە؛ رۇسىيە مەكتەپلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن يىگىتلەر رۇسىيەنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى... ئۇ يەرلەردىكى مەكتەپلەر ھەر يىلى مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ۋاكالەتچى، ۋەكىل ۋە ئەلچىلەرنى تەربىيەلەيدۇ. نۆۋەتتە، سۈرىيەنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى پىكىردە ۋە ئىختىلاپلىرىدا ئوخشاش بولمىغان خاھىشلار ساقلانماقتا. يۇقىرىدىكى بايان ۋە ھۆكۈم بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر؛ ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق بىلىم ئۆگەنگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز دۆلەتلىرىنى ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەنىڭ ئۆز ھىمايىتىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ فرانسۇزچە ئۆگەنگەن كىشىلەر ئۆز ئېلىنى فرانسىيەنىڭ باشقۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ بۇ خىل ياكى ئۇ خىل تىلنى ئۆگەنمىگەن كىشىلەر بۇ دۆلەتنىڭ ياكى ئۇ دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى بىلەن ئېڭىغا ئەڭ يېقىن سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

بىز قايسى دۆلەتنىڭ خىراجىتى بىلەن ئوقۇساق شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي خاھىشىغا مايىل بولىمىز، بەلكى بۇ شەرقلىكلەرنىڭ شەپقەت قايتۇرۇش ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنىڭ ئىپاتى بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇلار بىر تەرەپتىن تام قوپۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىن تامنى ئۆرۈۋەتسە، بۇ قانداق ئىدىيەۋى

www.uyghurkitap.com

ھېسسىيات بولىدۇ؟ بىر تال گۈل تېكىش بىلەن بىللە بىر تالاي ئورماننى ۋەيران قىلىۋەتسە، بۇ قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىيات بولىدۇ؟ بىز بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۆلسەك بۇ يەنە قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىيات بولىدۇ؟

غەربنىڭ ھەقىقىي ساخاۋەتچىلىرى ۋە مەردلىرى بىزگە ئارىسىغا يىڭنە بىلەن تىكەن ئارىلاشتۇرۇلغان بولكىنى ئەكەلىپ بەرمەيدۇ. ئۇلار بىزدىن پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ، زىيان سالمايدۇ. ئەمما، ئۇ يىڭنە قەيەردىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ تىكەن يەنە قەيەردىن ئۈنىدۇ؟ مەن بۇ تېما توغرىسىدا يەنە بىر پۇرسەت بولغاندا ئايرىم توختىلىمەن.

شۇنداق، ئەرەب تىلى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن غەيرىي ئالىي مەكتەپلەردە ئومۇملاشتۇرۇلسا، جىمى دەرسلەر ئەرەب تىلى بىلەن ئۆتۈلسە، بىزنىڭ سىياسىي خاھىشىمىز، مىللىي ئىرادىمىز بىرلىككە كېلىدۇ. چۈنكى، مەكتەپلەردە خاھىش بىلەن ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەمما بۇنى پەقەت دۆلەتنىڭ خىراجىتى بىلەن تەربىيەلەنگەن يېڭى ئەۋلاد كىشىلەرلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؛ پەقەت بىز ھەر بىرىمىز ۋەتەن ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان ئىككى تەن بىلەن روھ ئۆزئارا زىت بولغان ۋەتەن ئوغلانلىرى بولغاندىلا، ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بولكىسىنى ئىشلىتىپ ئېھسان قىلغۇچىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىلا، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. پەقەت ئاچ قالغان ئادەم ئېھسان قىلغۇچىنىڭ بولكىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. كىم ئۆزىنى سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئورنىغا قويسا شۇ ئادەم سوۋغا تەقدىم قىلغۇچىغا قارشى تۇرمايدۇ؛ سوۋغا قوبۇل قىلغۇچى ھامان پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ، سوۋغا تەقدىم قىلغۇچى ھامان تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدۇ.

5

ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى ھەر خىل دىيالېكتىكىدىن ئۈستۈن تۇرامدۇ ياكى دىيالېكتىكنى بىرلىككە كەلتۈرەلەمدۇ؟

دىيالېكت ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تىلنىڭ قوپال يەرلىرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئۇ يوقالمايدۇ ھەم يوقۇتىلمايدۇ. ئەسلىدىمۇ يوقالمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنى تىلنىڭ ئاساسى، ئىستىلىستىكىنىڭ مەنبەسى دەپ ئاتايمىز.

تىل باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش پۈتۈنلەي رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەتتۇر. دىيالېكتتا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەقىلگە ئەڭ سىغىدىغان نۇرغۇن تەلەپلەر بار. چۈنكى، ئۇ مىللەتنىڭ مەپكۇرە- ئىدىيەسىگە، ئومۇمىي مىللىيلىقىنىڭ نەشانىغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. مەن ئۇنى مەۋجۇت بولسا دەيمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ تىلنىڭ ئەسلىي گەۋدىسى بىلەن بىرلىشىپ، پۈتكۈل تىلنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇسا. ھەرقانداق بىر غەرب تىلىدا دىيالېكت بار. ئاشۇ دىيالېكتلاردا ئەدەبىيات، سەنئەت ھادىسىسى بار. ئاجايىپ گۈزەل، يېڭى تەرەپلىرى بولغاچقا ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بىر تۈركۈم تالانتلىق شائىرلار بار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ داستان ۋە تەگكەش قاپىيەلىك شېئىر- نەزملىرىدە دىيالېكت بىلەن ئۆلچەملىك تىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كارامەت چىرايلىق بىرلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىيات بىلەن تولۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چەكتى. مەن ئايلانما كۈي رىتمى، غەزەل، «ساتىرىك شېئىر» ۋە «ساتىرا»لاردا نۇرغۇن يېڭى ۋاستىلىك ئوخشىتىش، گۈزەل كىنايە ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇجەسسەملەشكەن يېنىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى بار دەپ قارايمەن. مۇبادا بىز بۇ نەرسىلەرنى ئۆلچەملىك تىل بىلەن يېزىلغان، گېزىت- ژۇرناللىرىمىزنى تولدۇرۇۋەتكەن شېئىرلارنىڭ يېنىغا قويساق خۇددى بىر دەستە قىزىلگۈلنى بىر دۆۋە ئوتۇننىڭ يېنىغا قويۇپ قويغاندەك ياكى بىر توپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر بولغان غەزەلخان، رەققاسلار بىر قانچە مومىياغا قاراپ تۇرغاندەك بولىدۇ.

يېڭى ئىتالىيە تىلى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر خىل دىيالېكت ئىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۇنى «پەسلەر»نىڭ تىلى دەپ ئاتاشقانىدى. ئەمما دانتې، پېتراك، كارمۇس ۋە فرانس، داشچىلار ئاشۇ تىل بىلەن داستانلىرىنى ۋە ئۆلمەس قاپىيەلىك شېئىرلىرىنى يازغاندا ئاشۇ دىيالېكت ئۆلچەملىك ئىتالىيە تىلىغا ئايلانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لاتىن تىلى ئالەمنى كېزىپ يۈردى. ئەمما ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلارنىڭ مۇرىسىدىكى جىنازىدا... مىسىر، سۈرىيە ۋە ئىراقنىڭ دىيالېكت بىلەن مەيئالى، مۇتەنەببىرنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ھەرگىزمۇ ئىتالىيەدىكى «پەسلەر» تىلى بىلەن ئوفېلد فورجىلنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن يىراق ئەمەس. مۇبادا يېقىن شەرقتىن چىققان بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆزىنىڭ دىيالېكتىدا بىر پارچە ئۇلۇغ ئەسەر يازسا، ئۇ ھالدا بۇ خىل دىيالېكت ئۆلچەملىك تىلغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئەرەب دۆلەتلىرىدە بۇنداق ئىش چىقماسلىقى مۇمكىن دەپ قارايمەن. چۈنكى، شەرقلىقلەر ئۆتمۈش ھازىردىن ۋە كەلگۈسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ

قارىغاچقا ئۇلار كونىلىقتا، مۇتەئەسسىپلىككە ئېسىلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. مۇبادا ئۇلار ئارىسىدىن بىر ئۇلۇغ ئەرباب چىقسا ئەجدادلار ماڭغان ئىستىلىستىكىلىق يولدا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستىنى نامايان قىلىشى مۇمكىن؛ ئەجدادلارنىڭ يولى ئىدىيە بۆشۈكى بىلەن ئىدىيە بۆشۈكىنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ يېقىن يولدۇر.

6

ئەرەب تىلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى نېمە؟

ئەرەب تىلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەممە بىردىنبىر چارىسى شائىرلارنىڭ قەلبىدە، ئېغىزىدا ۋە بارماقلىرى ئارىسىدا، ئۇلار ئىجادىي قۇدرەت ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋاسىتىكتۇر. ئۇلار يول بولۇپ، قەلب دۇنياسى ياراتقان نەرسىلەرنى تەتقىقات دۇنياسىغا توشۇشقا، ئىدىيە دۇنياسى قارار قىلغان نەرسىنى خاتىرە دۇنياسىغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

شائىرلار تىلنىڭ ئاتا- ئانىسى. تىل شائىر بارغان يەرگە بارىدۇ، تىل شائىر تۇرغان يەردە تۇرىدۇ. مۇبادا شائىر يىقىلسا تىلمۇ ئۇنىڭ قەبرىسىدە قان يىغلايدۇ، باشقا بىر شائىر ئۇنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ تىلىنى يېتىلەپ كەتكەنگە قەدەر ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىدۇ.

شائىر تىلنىڭ ئاتا- ئانىسى بولغانىكەن، دورامچىلار تىلنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تىككۈچىلەر ۋە قەبرىسىنى قازغۇچىلاردۇر.

مەن دەيمەن، ھەر بىر شائىر مەيلى ئۇ چوڭ ياكى كىچىك شائىر بولسۇن ئۇ ئىختىراچىدۇر؛ مەيلى ئۇ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن ئۇ ئىزدەنگۈچىدۇر؛ مەيلى ئالىيجاناب ياكى پەس بولسۇن ئۇ ئىجادكاردۇر؛ مەيلى شەيخ ياكى ئاۋام بولسۇن ئۇ پاك تۇرمۇشنى سۆيگۈچىدۇر. مەيلى پەيلاسوپ ياكى باغۋەن بولسۇن ئۇ سۆرلۈك ھەم ئەستايىدىل ھالدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغۇچىدۇر.

دورامچىغا كەلسەك، ئۇ ھېچنېمە ئىختىرا قىلالمايدىغان، ھېچنېمە يارىتالمايدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ پەقەت دەۋرداشلىرىنىڭ روھىي ھاياتىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئالدىنقىلارنىڭ كېيىمدىن كېسۋالغان لاتا بىلەن ئۆزىنىڭ روھى تونىنى يامايدۇ.

مەن دەيمەن، شائىر دېھقان بولسا، ئۇ ئاتىسىدىن قالغان سەل ئۆزگىچىرەك قوش بىلەن ئۆزىنىڭ يېرىنى تېرىيدۇ؛ كېيىن كەلگەنلەر يېڭى ئىسىم بىلەن ئۇنى يېڭى قوش دەپ ئاتايدۇ. شائىر باغۋەن بولسا، ئۇ رەيھان گۈلى بىلەن قىزىلگۈل ئوتتۇرىسىغا ئۈچىنچى خىل رەڭدىكى بىر گۈلنى تىكىدۇ؛ كېيىن كەلگەنلەر ئۇنى يېڭى ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ؛ شائىر بابكار بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دەستىگاھىدا توقۇغان گۈللۈك رەخت قوشنىسى توقۇغان رەختكە ئوخشىمايدۇ؛ كېيىن كەلگۈچىلەر يېڭى ئىسىم بىلەن ئۇنى رەخت دەيدۇ. شائىر دېڭىزچى بولسا ئىككى يەلكەنلىك كېمە ئۈچۈن ئۈچىنچى يەلكەننى چىقىرىدۇ. مەن دەيمەن شائىر قۇرۇلۇش ئۇستىسى بولسا، ئۇ تاق ئىشىكلىك، تاق دېرىزىلىك ئۆي ئوتتۇرىسىدا قوش ئىشىكلىك، قوش دېرىزىلىك ئۆي سالىدۇ. شائىر بوياقچى بولسا، ئۇ ئالدىنقىلار ئاددىيلاشتۇرۇپ بولالمىغان رەڭلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر خىل يېڭى رەڭنى ھاسىل قىلىدۇ، دېڭىزچى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى، بوياقچىدىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يېڭى ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. شۇ ئىسىم ئارقىلىق تىل كېمىسىدە يەلكەن چىقىرىدۇ، تىل دېرىزىسىگە دېرىزە قوشىدۇ، تىل تونىنىڭ رەڭلىرىنى كۆپەيتىدۇ.

دورامچى كارۋانلار ماڭىدىغان يولنى بويلاپ ماڭىدۇ، ئۇ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە بارىدۇ، ئادىشىپ قالارمىزمەكىن دەپ كونا يولدىن بىر قەدەممۇ چەتنەپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مىڭبىر ئەۋلاد كىشىلەر ماڭغان يولنى بويلاپ مېڭىپ كۈننى ئالىدۇ، جېنىنى جان ئېتىدۇ. بۇنىڭغا تايىنىپ يەپ- ئىچىدىغان، كىيىم كىيىدىغان ئادەملەرنىڭ ھاياتى باشتىن- ئاخىر ئەكس ساداغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى يىراقتىكى ھەقىقەتنىڭ ئاجىز كۆلەڭگىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار بۇنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ.

مەن دەيمەن، شائىر تەقۋادار مۇرىت بولسا، ئۇ مەسچىتكە كىرىپ، ياش تۆككىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ ھەم خۇش بولىدۇ ھەم زارلىنىدۇ ھەم ئاللاھنى مەدھىيىلەيدۇ ھەم قولاق سېلىپ تىڭشايدۇ ھەم ئۆز- ئۆزىگە دەيدۇ. كېيىن مەسچىتتىن چىقىدۇ، ئېغىزىدىن ئىسىم، پېئىل، قوشۇمچە سۆزلەر، يېڭىدىن ھاسىل بولغان سۆزلەر چۈشمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك شەكىلدۇر. يەنە كېلىپ مۇنداق شەكىل ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنى مەپتۇن قىلىۋاتقان تۇرلەر ھەر كېچىسى ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق خىزمىتى ئارقىلىق تىل سازىنىڭ كۈمۈش تارىسىنى كۆپەيتىدۇ، تىل ئۇچقىغا ياخشى ئوتۇن تەييارلايدۇ.

دورامچى ئىرادىسىز، ھېسسىياتسىز ھالدا تىلاۋەتچىلەرنىڭ دۇئا- دۇرۇتلىرىنى ۋە نامازخانلارنىڭ بەخت تىلەش كەلىمە سۆزلىرىنى تەكرارلايدۇ. ئەمما ئۇ تىلنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزى بايقىغان يەرگە تاشلاپ قويىدۇ، خاراكتېر ئاخباراتىنى ئاخباراتمۇ، خاسلىقمۇ يوق يەرگە تاشلىۋېتىدۇ.

مەن دەيمەن، شائىر شۇنداق ئادەملەردۇركى، ئۇ بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ روھى تەنھالىقتا قالىدۇ. ئادەملىك يولىدىن چەتنەيدۇ، روھىنىڭ چۈشنى كۈندۈزى شادلىنىش، كېچىلىرى قاباھەت قاپلاش، بوران ھۇشقۇرتۇش، تاغ جىرالىرىنى جىمجىتلىق بېسىشىدىن تەركىب تاپقان تەنگە بېقىندۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن گۈلچەمبىرەكنى تىلىنىڭ بېشىغا كىيدۈرىدۇ، ئېتىقادتىن ياسىغان مارجاننى تىلىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ.

دورامچى ھەتتا مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەندىمۇ، ئىشق غەزەللىرىنى يازغاندىمۇ ۋە نازىنىن قىزلارنى تەرىپلىگەندىمۇ كونا گەپ- سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇ مەشۇقىنىڭ چىرايى بىلەن بويۇنلىرىنى تىلغا ئالغاندىمۇ پەقەت: «مەشۇقۇمنىڭ چىرايى ماھتابانەدەك، بويىنى كېيىكنىڭ بويىنىدەك» دەيدۇ. ئاشىقنىڭ چېچىنى، قامىتىنى ۋە كۆزىنى ئويلىغان دەملىرىدە پەقەت: «چاچلىرى قاراڭغۇ تۈنگە، بەللىرى مەجنۇنتالغا، قاشلىرى ئوقيا ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ئۇ زارلارنغان دەملەردە: «مەشۇقۇم لەۋلىرىدىكى ئەتىرگۈلنى سۇغىرىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن كۆزلىرىدىكى نەرگىس گۈلىگە يامغۇر ياغدۇرىدۇ. بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ» دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ شاتۇت دوستىمىز كونا گەپلەرنى تەكرارلاۋەرگەچكە ئەخمەقلىقنى تىلىنىڭ سېمىز گۆشلىرىنى زەھەرلەيدىغانلىقنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئەقلسىزلىقى ۋە شاللاقلىقى بىلەن تىلىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە سەل قارىغانلىقنى ئۇقمايدۇ.

مەن يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنىڭ پايدىلىقلىقى توغرىسىدا توختالدىم، يېتىلدۈرمەسلىك ۋە ئۇنىڭ زىيانلىقى توغرىسىدىمۇ توختالدىم. ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى لۇغەت تۈزۈش، داستان يېزىش، سۆزلۈكلەرنى توپلاش بىلەن ئىسراپ قىلىۋەتكەن كىشىلەرنى تىلغا ئالمىدىم، مەن ئۇلار توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ توختالمىدىم، چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ خۇددى تىل دولقۇنلىرى ئۆركەشلىگەن ۋە تىل دولقۇنلىرى يانغان ئارىلىقدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسى ئەلگەكتۇر. ئەلگەكنىڭ نۇرغۇن فۇنكسىيەسى بار، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى پەقەت زەھەرلىك بۇغداي تېرىش بولسا، ئۇ مىللەت پەقەت قورۇق ئوتىنلا ئالالايدۇ، ئۇلارنىڭ خامانلىرىغا خوخا بىلەن مايقۇڭغۇزى دۈۋىلەپ قويۇلغان تۇرسا، ھەرقانچە ئۇستا غەلۋىرچى بولسىمۇ نېمىنى تاسقىيالايدۇ؟

مەن يەنە بىر قېتىم دەپ ئۆتەي، تىلنىڭ ھاياتى، بىرلىكى، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە تىلنىڭ بۇرۇن بار بولغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان جىمى مۇناسىۋەتلىرى دېگۈدەكلا شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. بىزدە شائىر بارمۇ؟

شۇنداق، بىزدە شائىر بار. ھەر بىر شەرقلىق تامامەن ئۆز دىيارىدا، ئۆز گۈللۈكلىرىدە، ئۆز دەستىگاھى ئالدىدا، ئۆز ئىبادەتخانىسىدا، ئۆز مۇنبىرىدە، ئۆز پۈتۈك ئۈستىلى يېنىدا شائىر بولالايدۇ. ھەر بىر شەرقلىق تامامەن ئۆزىنى دورامچىلىقنىڭ، ئەنئەنىنىڭ ھەپىلىسىدىن ئازاد قىلىپ، چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا يۈرەلەيدۇ، تۇرمۇش قوشۇنى ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ. ھەر بىر شەرقلىق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتالايدۇ؛ ئۇ مەڭگۈلۈك قۇدرەت قورغىنىنى تەڭرىقۇت تاش بىلەن قوپۇرىدۇ.

مەن ئۆز تالانتىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئاتا قىلغان ئادەملەرگە مۇنداق دەيمەن:

— سىلەر شەخسىي مۇددىئايىڭلارنى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزنى قوغلىشىشنىڭ توسالغۇسىغا ئايلاندۇرۇڭلار! سىلەر بىلەن ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ خاسلىقىڭلار بىلەن بىر ئاددىي كەپە سېلىڭلار، سىلەر ئارىيەت ئالغان خاسلىقىڭلار بىلەن بىنا قىلغان بىنادىنمۇ ئېگىز بىنانى بىنا قىلدىڭلار. سىلەر ئىززەت- ھۆرمىتىڭلارنى قەسىدىگە، مەرسىيەگە ۋە مەدھىيە شېئىرلىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئايلاندۇرۇڭلار! سىلەر بىلەن ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز، يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىش يۈرىكىڭلارنى بۇت، ھەيكەل ئالدىدا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈجە- ئىسرىق قىلغىنىڭلاردىن ياخشى. مىللىي قىزغىنلىقىڭلارنى شەرقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاجايىپ قايغۇ- ھەسرەت، شاد- خۇراملىقنى تەسۋىرلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇڭلار! سىلەر بىلەن ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىلەر ئەتراپىڭلاردىكى ئەڭ ئاددىي ئىشنى تۇتۇپ، ئۇلارغا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىڭلار بىلەن تىككەن تون- لىباسلارنى كىيدۈرۈڭلار، بۇ غەربلىكلەرنى دوراپ يازغان ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئەڭ گۈزەل ئەسەرلەردىن كۆپ ياخشى.

خەنزۇچە «جبران كىلاسسىك نەسرلىرى» ناملىق كىتابتىن **ئوسمانجان مۇھەممەت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە



ئەسقەرجان ئەنۋەر ئۆلسۆيەر

## — دوكتور زۇلپىقار بارات ئۆزباش بىلەن سۆھبەت

(ئۈن نۇسخىسىغا ئاساسەن رەتلەندى)

# ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر

تەھرىر ئىلاۋىسى: بىزگە مەلۇم، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇشنى، ساياھەت قىلىشنى ياكى شۇ دۆلەت گىراژدانلىقىغا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىيارىمىزدىكى خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىمىز ئامېرىكىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى ئامېرىكىدا ئۆگەنگەنلىرىنى خەلقىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىپ، ئاز بولمىغان ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلار بىرلەشمىسى ۋە ئامېرىكا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى زۇلپىقار بارات ئۆزباش خەلقىمىزنى ئەنە شۇنداق يېڭى ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋاتقان زىيالىيلارنىڭ بىرى.

دوكتور زۇلپىقار بارات ئۆزباش 1975-يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1996-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، تاكى 2007-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 2007-يىلى «فورد خەلقئارالىق ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ، ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىققان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەرجىمە، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، نۇتۇقشۇناسلىق، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ قىرلىق ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ ساھەلەردە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ 2007-يىلىدىن بۇيان ژۇرنىلىمىز ۋە باشقا مەتبۇئاتلاردا «ياغلىق قاپاق ۋە بۇلغانغان كىملىك»، «بەدەن، مودا ۋە كىملىك»، «شەھەرلىشىش ۋە كىملىك كرىزىسى»، «مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىك»، «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىلىرى»، «بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز» قاتارلىق بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان. «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە»، «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ» ناملىق ئىككى كىتابى نەشردىن چىقىپ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى ئىنكاس قوزغىغان.

دوكتور زۇلپىقار بارات ئۆزباش يېقىندا ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئوقۇرمەنلەرنى بۇ ياش دوكتورنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانى ۋە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىكى تەسىراتلىرى بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيەلەش مەركىزى»دىكى ئوقۇغۇچىسى، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنى ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە سۇندۇق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ سۆھبەت ئارقىلىق يېڭى كۆز قاراشلارغا ئىگە بولالىشىغا، كاللىسىدىكى بىر قىسىم سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب تاپالىشىغا ئىشىنىمىز.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

**ئەلسۈيەر:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم زۇلپىقار مۇئەللىم، ئالدى بىلەن مەن ھاياتىنى ئۆزگىچە مەنىلەر بىلەن بېيىتىش يولىدا روھنى چىنىقتۇرۇۋاتقان، تەپەككۇرنى يېڭى پىكىرلەر بىلەن زەرەتلەپ، مەنە ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلانغانلار نامىدىن سۆھبەت داستىخىنىمغا مەرھەمەت قىلغىنىڭىزغا سەممىي تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. سۆھبىتىمىزگە كەلسەك، سىز 2007 ـ يىلى «خەلقئارالىق فورد ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىڭىز، 2009 ـ يىلى ئامېرىكا شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئاسپىرانتلار ئوقۇش مۇكاپاتىغا نائىل بولۇپ، دوكتورلۇق پىروگراممىسىغا قوبۇل قىلىندىڭىز ھەم بۇ يىل (2013 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىڭىز. دېمەك، سىز دىيارىمىزدىن چىقىپ جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالدىڭىز. خوش، ئۇنداقتا سىز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشنى تاللاپ قالدىڭىز؟ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

**ئۆزباش:** ئۇشبۇ سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇرغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە سەممىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. سوئالىڭىزغا كەلسەم، مەن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى 2010 ـ يىلى قارار قىلغانىدىم، چۈنكى، قەلبىمدە ئانا يۇرتۇمغا نىسبەتەن چەكسىز مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلدايتتى، يۇرتۇمنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. يەنە كېلىپ بۇرۇن ماڭا قالتىس بىلىنگەن ئىشلار ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى ئۇنچە قالتىس بىلىنمەس بولۇپ قالدى. ئوقۇغانسېرى، ئىزدەنگەنسېرى كۆڭلىگە غايىلەرگە ئالدانماس بولۇپ قالدىم. ئامېرىكىدا ياشاش جەريانى مەن ئۈچۈن ھەم ئۆزۈمگە جەڭ ئېلان قىلىش جەريانى ھەم كىملىك، كوللېكتىپ رىشتە، ۋەتەن، نەجادلىق ئۇقۇملىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش جەريانى بولدى.

يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «نيۇيورۇكتىكى قەشقەر توپىسى» ناملىق ھېس باياننامىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بىر ئادەمنىڭ كىملىك ئېھتىياجى ئۆز توپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلىنىدىكەن. بىز ئۆز يۇرتىمىزدا ياشاپ، ۋەتەن، ئانا يۇرت ئۇقۇملىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان قىممەتلىك ئېلېمېنتلارنى بايقىيالماي قالىدىكەنمىز ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىدىكەنمىز. ئەمەلىيەتتە، قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بولغان ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشلاردا بىز ئادەتلىنىپ كەتكەن ھەم سەل قارايدىغان قىممەتلىك تەرەپلەر بولىدىكەن. ۋەتەن، يۇرت ئۇقۇملىرىنىڭ ئەسلىي ۋەزنى كونكرېت نەرسىلەردە ۋە كونكرېت ئادەملەردە ئىكەن. مەن ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن ئىنگلىز تىلىدا ياكى كەسپىي دەرسلەردە قىينالمىدىم، بىراق مېنى بىر خىل چەكسىز تەنھالىق قىينىدى، غېرىبلىق ئوتىنىڭ ئىچى ۋە تېشى تەڭ كۆيدۈردى. «مەن مۇشۇ پېتى تەنھا ئۆتەمدىم؟ مۇشۇ ئوتتا داۋاملىق كۆيەمدىم؟ كۆيگىنىم نېمىگە ھېساب؟ كۆيسەممۇ مەيلى، لېكىن مېڭىۋاتقىنىم بارسا كەلمەس يولمۇ؟» دېگەن ئويلار كاللامدا قايتا ـ قايتىلاپ زاھىر بولدى. تەتقىق قىلىدىكەنمەن، ئىزدىنىدىكەنمەن، بىراق بۇ ئۆرۈنۇشلىرىمنىڭ نەتىجىسى ئاخىردا ئۆزۈمگىلا ھېساب بولىدىكەن. كەسپىتە ئۇتۇق قازىنىمەن دەپ بارغانسېرى ئۇيغۇر رېئاللىقىدىن چەتنەيدىكەنمەن. مانا شۇنداق قىلىپ بۇ ئىزدىنىش سەپىرىدە مەن ئىككى خىل ئازابلىق تاللاشقا دۇچ كەلدىم. بۇنىڭ بىرى، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش. بۇ جەريان مەندىن ئۇيغۇرچە تەپەككۇردىن ياتلىشىشنى، يازمىلىرىمنى پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە يېزىشىمنى، ئامېرىكىلىقلارغا خاس تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ماڭا نىسبەتەن ئۇيغۇرغا خاس ئۆزلۈكۈمنى قىسىش، بېسىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆزۈمنى ئۇزاق مۇددەت دەسسەپ بېقىپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن. بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىق بىر ئويلىنىش جەريانى بولدى. بىرىنچى خىل تاللاش مېنى ھېس ـ تۇيغۇسى ماشىنلاشقان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئاخىر ئانا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا يۇرتداشلىرىم بىلەن بىللە جور بولۇش ئىستىكىدە بولدۇم. ئەسلىدىمۇ مەن ئامېرىكىغا گىراجدان بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئوقۇپ كېلىپ ئۆگەنگەنلىرىمنى ئۆز قوۋمىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش، كاللامدىكى گادىرماچ سوئاللىرىمغا چوڭقۇرلاپ جاۋاب ئىزدەش ئارزۇسىدا چىققانىدىم. ئالتە يىلدا نۇرغۇن سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپتىم، ئىزدەندىم. ئادالەتسىزلىك ئادالەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان بۇ زاماننىڭ تې-

پىشماقلىرىغا جاۋاب تاپتىمىۇ ھېرىپ كەتتىم. تەۋراتتا «بىلىگەنسىرى ئازابلىق كۆپىيىدۇ» دېيىلگىنى بىكار ئەمەسكەن. ئۆگەنگەنلىرىمىنىڭ بېشىمۇ - ئاخىرىمۇ ئازابقا تۇتۇشىدۇ. ئاخىر ئامېرىكىدا ياشاش ئىستىكىدىن ۋاز كەچتىم. بۇ بوشاڭلىقىمدىن ئەمەس، ئايىغى چىقمايدىغان نىشانلارغا ھاياتىمنى ئىسراپ قىلىشنى خالىمىدىم. بەلكىم بۇنداق تونۇشقا كېلىشىم جەمئىيەتشۇناسلىق پىنىنىڭ ماڭا تەنقىدىي كۆز تىكىش نۇقتىسىنى تەمىن ئەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئالتە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئاتىدىم، بىراق ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. چۈنكى، تەكلىماكان دىيارى ناھايىتى مېھرىلىك بىر زېمىن. چەت ئەلدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئۇنتۇلمىغانلا بولسا، يۇرتىدىن توختاۋسىز بىر سادا ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەنمۇ بۇ تۇيغۇنىڭ چاقىرىشىدىن ۋە ئازابلىشىدىن خالىي بولالمىدىم. ئېھتىمال مۇساپىرچىلىقتا ۋەتەننىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتۈلىدىغانلىقىدىن شۇنداق بولسا كېرەك. بىز ۋەتەن، يۇرت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ باقساق بولىدىكەن.

ئامېرىكىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ئىككى ئاي جەريانىدا مەن بىر مەسىلىدىن قاتتىق چۆچۈدۈم، يەنى، كۆپىنچە كىشىلەر جان - جەھلى بىلەن تىرىشىۋېتىپتۇ، ئەمما قىسمەن كىشىلەردە شەخسىيەتچىلىك كۆچىيىپ كېتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئومۇمىيلىقنى ئويلايدىغانلار ئازىيىۋېتىپتۇ. بۇ بىر خىل بىنورمال ھادىسە. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۆي، ماشىنا، خىزمەت ئۈچۈن تىرىشىدىكەنمىز، بىراق مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمىز، ئىمكان بار بىر - بىرىمىزگە مېھرىلىك بولساق، بىر - بىرىمىزگە تەبەسسۇم قىلساق.

مەدەنىيلىشىشنىڭ ئۆتكۈنچى، شاكال نەرسىلىرىگە ئەل بولۇپ كەتسەك بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوغداپ قېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەنئەنىۋى بايلىقلىرىمىز بار. ئۇلار ياشاش خىرىسى داۋامىدا يوقاپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۆزىمىزگە قايتىپ، يىلتىزىمىزنى تاپالىساق، ئاندىن باشقا مىللەتلەر بىزنى كۆزگە ئىلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىپ، يات مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلساق، باشقىلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

ھازىر بىزدە تۈركىيە خۇراپاتلىقى ۋە ئىمپورت خۇراپاتلىقى مەۋجۇت ئىكەن. قىسمەن سودىگەرلەر ئىمپورت قىلىنمىغان مەھسۇلاتلارغىمۇ ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى دەپ يېزىۋالىدىكەن، بۇ بىر خىل كاززاپلىق، ئۆتكەندە بۇرادەرلەر بىلەن كوچاغا بارغاندا بىر ئاشخانىدا غىزالاندۇق، يەۋاتقان بېلىقىمىز تۈركىيە بېلىقى ئەمەس بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «تۈركىيە بېلىقى» دەپ يېزىۋاپتۇ، چايلىرىنىڭ قېپىغا «تۈركىيە چېيى» دەپ يېزىۋاپتۇ، ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈشكە قارىسام، ئۇ چايلار تۈركىيە چېيى ئەمەسكەن. بۇنىڭدىن قايتما مەدەنىيەت ئەندىكىشى ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، ئىمپورت قىزغىنلىقى ۋە تۈركىيە مەستانىلىقى كەمسىنىشنىڭ ئەكس مەندە ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھېس قىلىشىمچە، شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قويۇۋالغان ئىستېمال تەلىپى يۇقىرىلاپ كەتكەچكە، ئۇلاردا بەخت تۇيغۇسى كېمىلەپ كېتىۋېتىپتۇ. بىزدە «تېز قاينىغان گۆش قاتتىق پىشىدۇ» دېگەن گەپ بار. بىز مەدەنىيلىشىش قەدىمىمىزنى سەل ئاستىلاتساق، مەدەنىيىتىمىزدىكى پۇچەك تەركىبلەرنى سىقىپ چىقارساق.

مۇقەددەس دەستۇرلىرىمىزدا «سەن بىر ئىشنىڭ خاتالىقىنى بىلسەڭ، ئۇنىڭغا ھەرىكىتىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قۇربىڭ يەتمىسە سۆزۈڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكىن، ئۇنىڭغىمۇ قۇربىڭ يەتمىسە دىلىڭدا قارشىلىق كۆرسەتكىن» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ھېكمەت جەڭگىۋارلىق تەلەپ قىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە ھەممىمىزنىڭ تۈپكى ھەرىكەت قىبلىنامىمىز بولۇشى كېرەك. ئارىمىزدىكى زامانىۋى خۇراپاتلىقلارغا ۋە جەمئىيەتلىشىۋاتقان بىنورماللىقلارغا مۇۋاپىق يوسۇندا ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز لازىم. مەن ئۆز ئائىلىسى، ئۆز جەمئىيىتى، ئۆز پۇشتىغا، ئۆز قىزلىرىغا ئىگە بولالايدىغان، بىر ئىشلارغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان قېرىنداشلىرىمنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمنى يوشۇرمايمەن.

ئەلسۆيەر: ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇرلۇققا مۇناسىۋەتلىك كەچمىشلىرىڭىزنى ئەسلەپ باقسىڭىز قانداق؟

ئۆزباش: ھازىر «ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىنىقى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىمغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ئۇيغۇر تىنىقى ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار. ئۇيغۇر ساداسى

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن خەلقئارالىق مىللەتكە ئايلىنىپ بولدى. ھەممە يەردە قېرىنداشلىرىمىز بار، ئۇلار ۋەتەننى سېغىنىدۇ، ۋەتەن ئىشتىياقى، ۋەتەن ئوتى ئۇلارنى قىينايدۇ. مەن ئامېرىكىدا قەشقەر توپىسىنى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇتىيا بىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر بوۋاينى ئۇچراتتىم، ۋەتەننى سېغىنىپ يىغلاۋاتقانلارنى ئۇچراتتىم. نۇرغۇن ئۇيغۇر پەرزەنتى چەت ئەللەردە ھامان بىر كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش ئىستىكىدە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى چەت ئەلدە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزگىلەر ئارقىلىق ۋەتەننىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇدى. ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە يۇرتۇم ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىم بىر كۈنمۇ توختاپ باقمىدى. ئۆزبېك شائىرى مۇقىمى: «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەنىكەن. سىرتلاردا ۋەتەن ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدۇ، توردىن ۋەتەندە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

بىزنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى، قىسقىسى، ھەممە يەردە يۇرتداشلىرىمىز، تەقدىرداشلىرىمىز، قىسمەتداشلىرىمىز بار. خۇددى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىنى ئەسلىگىنىدەك ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداشلارمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئەسلەيدۇ. مەن جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، نۇرغۇن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم. شۇ جەرياندا «سىز قايسى مىللەت؟ نەدىن كەلدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللار پەيدا بولدى. ئۇيغۇر دېسەم دەسلەپتە ئۇقمايتتى. كېيىن بارا-بارا ئۇقىدىغان بولدى. ھازىر چەت ئەللەردە ئۇيغۇرلارنى باشقىلار بىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ئۆز ساداسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ تۇرغانلىقىمۇ بىر سەۋەب بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار ناھايىتى تىرىشچان مىللەت. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئادىل تۇنىياز «ئۇيغۇر بولۇش بەخت دېمەكتۇر» دېگەنىدى. زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىدە نۇرغۇن ياخشى ئەنئەنىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز، لېكىن يەنىلا بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېنېرگىيەمىز زور. نۇرغۇن ياخشى تەرەپلىرىمىز بار، «چۈشكۈنلۈك شەيتاننىڭ ئىشى»، مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ چۈشكۈنلەشمەي، مەدەنىيەت تىندىتسىيەمىزدىكى ئېسىل تەرەپلەرنى ساقلاپ قېلىشىنى، زامانىۋىلىشىش خۇمارىدا خۇدىنى يوقىتىپ شاكال مەدەنىيەتلەرگە ئەل بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بوستۇندىكى ساففولك ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەيسەر مىجىت ئاكىنىڭ ئۆيىدە لەغمەن يېگەندىكى تەسىراتىمنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئۇشۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك. قەيسەر ئاكىنىڭ ھامىسى ماينىسا ھەدىمىز ئوخشىتىپ لەغمەن ئەتتى، شۇ لەغمەنلەرنى چاكىلدىتىپ يېدۇق. ئۇ كۈنى قەيسەر مىجىتنىڭ ئۆيىگە يۇرتىمىزدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بارغانىكەن. ئۇلار ئالدىغا كەلگەن لەغمەننى كۆرۈپ «ئاھ لەغمەن» دەپ يىغلىشىپ كەتتى. چەت ئەلگە چىقسىڭىز ئۇيغۇرغا خاس بەلگىلەرنى، ئىماگلارنى ۋە تاماقلارنى سېغىنىدىكەنسىز، مەنمۇ شۇنداق بولدۇم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كونسۇل كوچىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنى بەكلا سېغىندىم. مەرھۇم ناخشىچى مىرزات ئالىمنىڭ «تار كوچا» ناملىق ناخشىسىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەن ئوتىدا پۇچىلىنىش ھېسسىياتى مېنىڭ ۋەتەنگە بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندى.

بىز ۋەتەندە تۇرۇپ چەت ئەلگە ئىنتىلىدىكەنمىز، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەنگە ئىنتىلىدىكەن. چەت ئەلگە بېرىپ، ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن چەت ئەلگە بولغان ھېسسىياتلىرىمىز قاندىكەن. ئاندىن ھەر بىر سۆزلىشىشىمىزدىن تارتىپ تاماققىچە ھەممە مەسىلىلەردە يېڭى-يېڭى تاسقاشلارغا دۇچ كېلىمىز، شۇ چاغدىلا بىز جامائەتچىلىك ۋە يۇرتداشلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن ھېس قىلىدىكەنمىز. چەت ئەل زېمىنىدىن ئۈرۈمچىگە چۈشكەن چېغىمىزدا ئۈرۈمچى كۆزىمىزگە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر كۆرۈنىدىكەن.

**ئەلسۆيەر**: سىز نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئۆرلەپ ئوقۇشنى ئويلاپ قالغانىدىڭىز؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار دەپ قارايسىز؟

**ئۆزباش**: بىرىنچىدىن، جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىـ

يەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ يەنە ئۆز رىئاللىقىنى خاتا
تونۇۋالغانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى چوڭقۇر تونۇشىغا
ياردەم بېرىدىغان پەن. ياشاش جەريانىدا بىزنىڭ جەمئىيەت-
تىن قوبۇل قىلىۋالغان نۇرغۇن خاتا قاراشلىرىمىز بار. جەمئى-
يەتشۇناسلىق بىزنىڭ ئاشۇ دوگما قاراشلىرىمىزغا جەڭ
ئېلان قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتشۇناسلىق يەنە بىزگە
چوڭقۇر تەنقىدىي تەپەككۇر ئاتا قىلىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇر
جەمئىيەتشۇناسلىق مائارىپىدىكى مۇھىم ئوقۇتۇش مەزمۇن-
نىڭ بىرى. ئامېرىكىنىڭ باكالاۋۇرلۇق ۋە ئاسپىرانتلىق مائا-
رىپىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى
ئۆستۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق تەلەپ بار. پىكىرنى
سۇبيېكتىپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر ئادەتتە
ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، سۇمۇرۇشچان تەپەككۇر. بۇ
خىل تەپەككۇر شەكلىگە كۆنگەن كىشى نېمە ئاڭلىسا ياكى
كۆرسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر شەكلى
بىزنى پىكىر ئاغمىچىلىقىغا، ھېسسىياتچانلىققا، دوگما تونۇش-
لارغا باشلايدۇ ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىتىدۇ. يەنە
بىرى، تەنقىدىي تەپەككۇر شەكلى. تەنقىدىي تەپەككۇرغا
كۆنگەن كىشى ئۆزى يولۇققان پىكىرلەرگە تەنقىدىي يوسۇن-
دا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، پىكىرنىڭ قولى بولۇپ قې-
لىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. لېكىن تەنقىدىي تەپەككۇرغا
كۆنۈش دېگەنلىك باشقىلارنىڭكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش
دېگەنلىك ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى
نەزەرىيەۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. ئانالىتىك
تەپەككۇرنى قانداق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ھالبۇكى، ئانالىتىك
تەپەككۇر قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئوبرازلىق تەپەك-
كۇر قىلىشتىن نەچچە ھەسسە زور بولىدۇ.

فېردىرىخ ئېنگېلس «ھەرقانداق بىر مىللەت دەۋرنىڭ
ئالدىدا ماڭىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم نەزەرىيەۋى تەپەك-
كۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىقى كېرەك» دېگەنىدى.
مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن بولسا
«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا نەزەرىيەۋى تە-
پەككۇرنىڭ بىر مىللەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلى-
قىنى قەيت قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىغا نەزەر سالىدى-
غان بولساق، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەبۇ ناسىر ئەل فارابى «پەزى-
لەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، «سىياسىي پەلسەپە» قاتارلىق
ئەسەرلىرىدە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ يېگانە ئۈلگىسىنى
ياراتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە
ئۇچرىغان. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىن باشلاپ
ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدا دىداكتىكىچىلىق ئەۋج ئېلىپ، فارا-
بى ئۇلىنى سالغان ئانالىتىك تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ
قالدى.

ئانالىتىك تەپەككۇر چوڭقۇر نەزەرىيە مۇھاكىمىنى
ئاساس قىلىدىغان سوغۇققان تەپەككۇر شەكلى. ئۇ ئوبراز-
لىق تەپەككۇرغا ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ، نەۋايى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلە-
رى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلاردا قاراخا-
نىلار سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئون ئەسىر جەريانىدا ئوبراز-
لىق تەپەككۇر شەكلى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. نۇرغۇن
ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئەپسۇس-
لىنارلىقى شۇكى، 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئەرەبلەرگە ۋە
غەرب پەلسەپىسىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك چوڭقۇر پەلسەپە
سىستېمىسى ياراتقان فارابىدەك بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بار
ئۇيغۇرلاردا ئانالىتىك تەپەككۇر شەكلى كەينىدە قالدى.

مەن ئامېرىكىدا جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇش
جەريانىدا شۇنداق بىر تەسىراتقا كەلدىمكى، بىر مىللەتنىڭ
نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
باشقا زامانىۋى ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن بىر قاتاردا جەمئى-
يەتشۇناسلىقمۇ مۇراجىئەت قىلىش كېرەك ئىكەن. مەن
ئىجتىمائىي پەندىكى ھەر بىر خىل نەزەرىيەۋى مودېلنى بىر
قورالغا ئوخشىتىمەن. بۇنى مۇنداق مىسال بىلەن ئىپادىلە-
سەم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىز دوختۇرخانىغا بارساق مېڭە-
مىزنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن «مېڭە تەكشۈرۈش ئەسۋابى»-
غا چۈشىمىز، يۈرىكىمىزنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن «يۈرەك
تەكشۈرتۈش ئەسۋابى»غا، قورسىقىمىزنى تەكشۈرتۈش
ئۈچۈن «ئىچكى ئەزانى تەكشۈرۈش ئەسۋابى» غا چۈشى-
مىز. لېكىن يۈرەكنى «ئىچكى ئەزانى تەكشۈرۈش ئەسۋا-
بى»غا سالمايمىز. مېڭىنى باشقا ئەسۋابلارغا سالساق تېخىمۇ
بولمايدۇ. بىر خىل نەزەرىيەمۇ ئەنە شۇنداق بىر خىل ئۈس-
كۈنىگە ئوخشايدۇ. بىز نەزەرىيەدىن ئىبارەت قورالدىن
توغرا پايدىلىنالىساق، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە
توغرا دىياگنوز قويالايمىز. ئوخشىمىغان نەزەرىيەلەرنى ئۆ-
گىنىش جەريانىدا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىز ئاشىدۇ. نەزە-
رىيەۋى تەپەككۇر مەسىلىلەرنى دەل، ئەينەن ئانالىز قىلىش-

uyghurkitap.com

مىزغا چوڭقۇر ياردەم بېرىدۇ، بۇنى جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە ئۆگىتىدۇ، بۇ ئەدەبىياتنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان پەن. بىراق ۋاقتى كەلگەندە پەلسەپىمۇ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى پەيدا قىلغان جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەر، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات، شەھەرلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىيەت كرىزىسلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرگە جەمئىيەتشۇناسلىق جاۋاب بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق زامانىۋىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەپسۇسكى، جەمئىيەتشۇناسلىق پۈتكۈل شەرققە نىسبەتەن يېڭى بىر ساھە. جۇڭگودا 1989 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا رەسمىي جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى قۇرۇلغان. جەمئىيەتشۇناسلىق پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىققا ئوخشاشلا زامانىۋى پەن قاتارىغا كىرىدۇ. سەگەك ئوقۇرمەنلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان سوئاللاردىن «شاكال مەدەنىيەت قانداق پەيدا بولىدۇ ۋە قانداق ئومۇملىشىدۇ؟ مەدەنىيلىشىش دېگەن نېمە؟ غەربتىن نېمىنى ئۆگىنىمىز؟ نېمىنى ئۆگەنمەيمىز؟ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ يەر شارىلىشىش دېگەن نېمە؟ يەر شارىلىشىش تۇرمۇشىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ قاتارلىقلارغا جەمئىيەتشۇناسلىق يېنى جاۋاب بېرىدۇ.

ئەلسۆيەر: 2011 - يىلى ئۆكتەبىردە سىزنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ» ناملىق كىتابىڭىز نەشر قىلىندى. بۇ كىتابىڭىزنى سىزنىڭ «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىڭىزدىن كېيىن خەلقىمىزگە سۇنغان يەنە بىر كاتتا سوۋغىڭىز دېيىشكە بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتابىڭىز جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بولماسلىقىدەك بوشلۇقنى تولدۇردى. سىزچە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق ياردەملەرنى بېرىدۇ؟

ئۆزباش: ئۇيغۇرلار تارىختا ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ياراتقان، ئەقىل - پاراسەتلىك مىللەت. كوللېكتىپ ئەقىل - پاراستىمىزنىڭ مەھسۇلى بولغان نۇرغۇن تۆھپە - نەتىجىلىرىمىز بار. ئەمما بىر مىللەتنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراستىدىن پەيدا بولغان ياخشى نەرسىلىرى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقىمۇ ۋە ئەخلەتلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنى كوللېكتىپ ئەخلەت دەيمىز. بۇلارنى تازىلاش ئەدەبىيات، پەلسەپە ياكى فىزىكا - خىمىيەنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ ۋەزىپىسى. بىز بىر ئۆيىنى پاكىزلاپ، زىننەتلەش ئۈچۈن ئۇ ئۆيدىكى ئەخلەتلەرنى يۆتكىۋېتىشىمىز كېرەك. ئۆيىمىزدە ئەخلەت پەيدا بولغىنىدەك تەپەككۇرىمىزدىمۇ ئەخلەت پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەخلەتلەرگە دىياگنوز قويىدىغان قورال سوتسىولوگىيەلىك مېتوتلاردۇر، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغانلىرى ئىنتايىن كۆپ.

مەرھۇم تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئاكا 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق تىلشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «تىلشۇناسلىق ساھەسىدە قۇربان بېرىشنى خالايدىغان ياشلىرىمىز بولۇشى كېرەك» دېگەنىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىمۇ مۇشۇ خىل قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە ياشلارنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. بىزدە ئەدەبىياتچىلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. مەن ئوشۇقچە ئادەملەرنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىغا كىرىۋېلىشىنى خالىمايمەن. ھەر يىللىق ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى ئېلىنغاندا، ئەدەبىيات كەسپىدىن ئىمتىھانغا تىزىملىتىدىغانلار باشقا پەنلەرگە قارىغاندا ھەسسىلەپ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىياتتا تالانتى بولسۇن - بولمىسۇن، قىزىقسۇن - قىزىقمىسۇن مۇشۇ ساھەگە سىغدىلىپ كىرىۋاتىدۇ، بۇ توغرا ئەھۋال ئەمەس. بىزدە ھەرقايسى پەنلەردە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدىغان ياشلار كۆپرەك چىقىشى كېرەك.

ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بىلىم ئىگىلىرى ئۆزىگە خاس قاراش تىكلەش ئۈچۈن غەربنىڭ بىلىش تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى زۆرۈر. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بىزدە تۇرغۇنلۇق نىسبەتەن كۆپ. ئېچىلمىغان بوز ساھەلەرمۇ بەك كۆپ. بىزدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك، بىزدە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، «قەبىلولوگىيە» قاتارلىق كىتابلار تەرجىمە قىلىندى، بىراق، تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل چەت ئەل ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنمىدى، ھەتتا بىزدە غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئۇلىنى سالغان ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى

دۆلەت»ى، ئارستوتىلنىڭ «ئەخلاق پەلسەپىسى»، كانتنىڭ
«نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد»ى قاتارلىق كىتابلار ئۇيغۇرچىغا
تېخى تەرجىمە قىلىنمىدى، ھەتتا بوۋىمىز فارابىنىڭ ئەسەرلە-
رىمۇ تېخى تولۇق نەشر قىلىنىپ بولۇنمىدى.

شەھەر ئۇيغۇرلىرى ھازىر زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە
تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان تېپىشماقلارغا دۇچ
كېلىشىمىز تەبىئىي، بۇنىڭغا ئەدەبىيات ياكى باشقا ئىلىملەر
جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەن «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ»
ناملىق كىتابىمدا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ 200 يىللىق ئىلمىي
تارىخىنى ئاممىباب يېزىشقا تىرىشتىم. ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتاب-
تىن «زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟ مەدەنىيلىشىش دېگەن
نېمە؟ تونۇش بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ شە-
ھەرلىشىش قانداق روھىي كىرىزىسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ؟ كاپىتال دېگەن نېمە؟ ئىجتىمائىيلىشىش دېگەن نېمە؟»
قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب تاپالايدۇ.

**ئەلسۆيەر:** ئاڭلىسام، ھازىر سىز ئامېرىكا جەمئىيەتشۇ-
ناسلار بىرلەشمىسىنىڭ ئىلمىي ئەزاسى، ئامېرىكا ئاسىيا تەت-
قىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى ئىكەنسىز. ھەر يىلى دېگۈدەك
ئامېرىكىدا خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىدىكەنسىز.
ئەلۋەتتە، ھازىرقىدەك ئورۇنغا چىقىشىڭىز ئاسانغا توختىمى-
غان دەپ ئويلايمەن. خوش، ئۇنداقتا سىز ئامېرىكىغا چى-
قىشىنىڭ ئالدىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ئىدىڭىز،
بۇ قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭدىڭىز؟ ئامېرىكىدا ئوقۇش
جەريانىدا يەنە قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىڭىز؟ بۇ قى-
يىنچىلىقلارنى يېڭىش جەريانىدا نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟
ئامېرىكىدا ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت مىللىي
كىملىكىڭىز بىلەن جەمئىيەتشۇناستىن ئىبارەت ئىجتىمائىي
كىملىكىڭىز ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇش كۆرۈلدى-
مۇ؟ ئەگەر كۆرۈلگەن بولسا بۇنى قانداق ھەل قىلدىڭىز؟

**ئۆزباش:** ئارزۇ ئادەمنى ھەرىكەتكە ئۈندەيدۇ. تەبى-
ئىي ئىنتىلىشتىن پەيدا بولغان ھەرىكەت ئادەمنى يېڭى ئار-
زۇغا يېتەكلەيدۇ، بۇ بىر بالانسلىق جەريان. بۇ جەرياندا
بىزنى يېڭى قىيىنچىلىقلار ۋە يېڭىچە مەنزىللەر كۈتۈپ تۇرى-
دۇ. مەن ئىنگلىز تىلىنى چەت ئەلگە چىقمەن دەپ ئۆگەن-
گەن ئەمەس، جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنى ئۆگىنىمەن دەپمۇ
ئۆگەنگەن ئەمەس. ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈش جەريانىدا
ئوقۇغۇچىلار مەندىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. مەن

ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بەردىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بەزى جا-
ۋابلىرىدىن قانائەت تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىزدەندىم،
كېيىن بۇنىڭ جاۋابلىرى جەمئىيەتشۇناسلىقتىن تېپىلدى.
جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن پەننىڭ بارلىقىنى 2005 - يىلى
ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق پەننىڭ بارلىقىنى بىل-
مەيتتىم. مەن ئۇ جەرياندا چەت ئەلگە چىقىشنى خىيالىمغىمۇ
كەلتۈرمىگەن. ئۇ چاغلاردا دەرس ئۆتۈشۈمنى كۈتۈۋاتقان
نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنى تەربىيەلەشمۇ
مەن ئۈچۈن شەرەپلىك خىزمەت ئىدى. ئۆزۈم ياخشى
كۆرگەن كەسپىنى تاشلاشنىمۇ خالىمايتتىم. 2006 - يىلى
مەندە چەت ئەل ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ بېقىش
ئارزۇسى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن ئايىلتىس
ئىمتىھانىنى بەردىم. ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيەگە ئۆز پۇلۇم
بىلەن ئوقۇش توغرىلىق ئىلتىماس ئەۋەتتىم. 2006 - يىلى-
نىڭ ئاخىرى ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن نوت-
تىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چاقىرىق
كەلدى. لېكىن ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۆز خىراجىتىم بىلەن
ئوقۇشۇمغا توغرا كېلەتتى. بۇ ئوقۇشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ پۈت-
تۈردۈم. شۇ ئارىلىقتا مەن خەلقئارالىق فورت ئوقۇش ماكاپا-
تى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم. فورت مۇكاپاتى خەلقئا-
رالىق ئوقۇش مۇكاپاتى بولۇپ، ھىندىستان، جۇڭگو، مىسىر
قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەلدە
ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرستى ئاز ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدىكەن.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، فورت مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلدىم ۋە
بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتىم. 2007 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى
ئامېرىكىغا قاراپ ماڭدىم، بۇنىڭ بىلەن ئۆز كەسپىمدىن،
خىزمىتىمدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. 2009 -
يىلى 12 - ئايدا جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئاسپىرانتلىقنى تاماملى-
دىم. 2009 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا شەرق - غەرب تەت-
قىقات مەركىزى (ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارمىقى بار) ماڭا
تولۇق سومىلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەردى.

پۇرسەت ــ ئىزدىنىش ۋە يارىتىشنىڭ بىرلىكى،
پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز ھەم
ئىزدىنىشىمىزنى كۈتىدۇ.

«ئۆزلۈك گىرۋەكلىرى» ناملىق كىتابىمدا تىلغا ئالغى-
نىمدەك ئامېرىكىغا بارغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەندە
مەدەنىيەت ئەندىكىشى بولدى، مۇرەككەپ ۋە غەلىتە ھېس-

www.uyghurkitap.com

سىياتلاردا بولدۇم، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ھەيران قالدىم. مەسىلەن: چىرايلىق قىزلارنىڭ ئاپتوموبىللاردا ئولتۇرۇۋېتىپ ئىتلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىنى كۆرۈپ قوبۇل قىلالمىدىم. ئۇ يەردە كوللېكتىپ ئاشخانىدا ئۆزىمىز تاماق ئېتىپ يەيدىكەنمىز، بۇ تاماقلاردا ھەر خىل خۇرۇچ ۋە پۇراقلار بولىدىكەن. دەسلەپتە بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۈچ-تۆت ئاي نۇرغۇن نەرسىلەرگە كۆنەلمىدىم. تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمگە قالدى. ھاۋايىدا ئۆزلۈكۈم قايتىدىن لايىھەلەندى، يېڭى تەرەققىياتلار ۋە چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم، لېكىن بۇرۇنقى ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم.

ئامېرىكىدا ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى بولغان ئامېرىكىلىقلار بىلەن بەسلىشىپ ئوقۇش ئاسان ئەمەس. ئۆزىمىز ئوقۇغان ساھەدە يېڭى بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويمىساق مەكتەپتىن بىزگە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەرمەيدۇ. ئادەتتە 100 ئادەم دوكتورلۇقتا ئوقۇسا، 30 ى ئوقۇش پۈتكۈزەلمەي قايتىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇش مېنى جىق قىيىندى، چۈنكى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەندىكى ئەڭ تەس كەسپلەرنىڭ بىرى. ماڭا تەس كەلگىنى ئۆزۈمنىڭ كەسپى بولغان جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى، خاس نەزەرىيەۋى سىستېمىلىرى ۋە خاس مېتودولوگىيەسىنى چۈشىنىش بولدى. مېتودولوگىيەسىنى ئۇقمىسام، نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنەلمەيتتىم. شۇڭا 2008-يىلدىن 2010-يىلىغىچە بولغان ۋاقتىم چوڭقۇر ئازاب، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ ئىچىدە ئۆتتى. لېكىن مەن ئەڭ ئاخىرىدا قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كەلدىم. ئامېرىكىدىكى كۆپ قىسىم ۋاقتىمنى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم، ھارماي ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيە ماقالەمنى سۈپەتلىك پۈتكۈزەلىدىم.

بىر ئاسپىرانت ئامېرىكىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرىپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن مەكتەپ بىزدىن سالاھىيەت ئىمتىھانى ئالىدۇ. بۇنىڭدا بىز ئۆزىمىز ئوقۇغان كەسىپتىن ئىككى پارچە ئىنگلىزچە ماقالە يېزىشىمىز لازىم. ئۇنى بەش پروفېسسور بىر ھەپتىدە كۆرۈپ چىقىپ باھا يازىدۇ، ئۆتەلمەي قالساق يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۆتەلمىسەك دوكتورلۇق پروگراممىسىدىن چېكىنىمىز. مەن ئۇنىڭدىن 2010-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆتتۈم، ئۇنىۋېرسال سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى باسقۇچىدا، دوكتورلۇق پروگراممىسى دائىرىسىدە ئۆزىمىز قىزىققان كەسىپتىن ئىككىنى تاللايمىز. مەسىلەن: جەمئىيەتشۇناسلىقتا 30 دىن 40 قىچە تارماق پەنلەر بار. مەسىلەن: ئىقتىساد جەمئىيەتشۇناسلىقى، مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى، تارىخ جەمئىيەتشۇناسلىقى دېگەندەك، مەكتەپ بىزدىن يۇقىرىقى كەسپلەر ئارىسىدىن ئىككىسىنى تاللاپ شۇ كەسپنىڭ ئەھلى بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى بىلەن مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىنى تاللاپ، بۇلارنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەندىم. بۇ كەسپلەرنى ئۆگىنىشنىڭ تەلىپى شۇكى، ئاۋۋال مەزكۇر ساھەدىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلار بىلەن تونۇشىمىز، ئاندىن شۇ ساھەگە دائىر نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى ئوقۇيمىز. كېيىن شۇ ساھەگە دائىر 60 تىن 100 گىچە بولغان ئەڭ داڭلىق ئەسەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈرگۈزۈپ پروفېسسورلىرىمىزغا ئەۋەتىمىز، ئۇلار تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇپ بولىمىز. بىر يىلدىن كېيىن شۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى دائىرىسىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، ئىمتىھاننىڭ سالمىقىمۇ خېلىلا ئېغىر بولىدۇ، يەنى دۈشەنبە كۈنى مەكتەپكە بېرىپ ئالتە سوئالنى قولىمىزغا ئالىمىز-دە، بۇنىڭ ئىچىدىن تۆتىنى تاللايمىز، كېلەر ھەپتە دۈشەنبە كۈنىگىچە يەتتە كۈن ئىچىدە، شۇ سوئال دائىرىسىدە تۆت پارچە ئىنگلىزچە ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ كېلىمىز، ئۇنىۋېرسال ئىمتىھان باسقۇچىدىن 2011-يىلى ئۆتتۈم.

دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەنىڭ تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈش باسقۇچىدا، مەن «كوللېكتىپ رىشتە ۋە جامائەتچىلىك» دېگەن تېما ئۈستىدە ئىزدەندىم. بۇ جەرياندا «بەدەن، مودا ۋە كىملىك»، «بۇلغانغان كىملىك»، «بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يازدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىملىك ۋە كوللېكتىپ جامائەتچىلىككە دائىر ماقالىلەردۇر، شۇنداق قىلىپ 2013-يىلى 11-ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم.

**ئەلسۆيەر**: 2011-يىلى ئاپرېلدا سىزنىڭ «ئۆزلۈك

گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىڭىز نەشىردىن چىقىپ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى ئىنكاس قوزغىدى، بولۇپمۇ ئىلىم-خۇمار، ئىزدىنىشچان ياشلار ئارىسىدا قايتىدىن كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. سىزنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىڭىزغا نېمە تۈرتكە بولغان، بۇ كىتاب بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھاسى قانداق بولدى؟

ئۆزباش: بۇ كىتاب 2007-يىلىدىن 2009-يىلىغىچە بولغان ئىككى يىللىق ماگىستىرلىق ئوقۇش جەريانىمدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا قەلبىمدە تالاي قېتىملاپ غەليانلار كۆتۈرۈلدى، مەن ئۇلارنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، يېزىقچىلىق ھۆرلۈكنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، بىز يېزىقچىلىق قىلىۋاتقاندا ئۆزىمىزنى بايقايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەركىن، ھۆر ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىمىز. يېزىقچىلىق بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئەركىن ئادەملىكىمىزنى تونۇتىدۇ، يەنە كېلىپ يېزىقچىلىق سالماقلىق بىلەن ئويلىنىش جەريانى، مەن بۇ كىتاب ئارقىلىق قەلبىمدىكى ھۆرلۈكۈمنى ئىپادىلىدىم.

بۇ كىتابنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، مەن بۇرۇندىن ئۆزۈمنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا قەرزداردەك ھېس قىلىپ كەلدىم. 2001-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئىزدىنىش سەپىرىمدە ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سوئاللىرى، مەدەتلىرى ۋە ئۈمىد-ئىشەنچلىرى ۋۇجۇدۇمدا تالاي قېتىملاپ قايناق ئىلھاملارنى ھەم يېڭى ئىستەكلەرنى پەيدا قىلغانىدى، ئەسلىي بىلسەم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى يېڭى ئۆزلۈكۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكىدا مېنى غېرىبلىق خېلىلا ئەزدى. غېرىبلىق ۋە تەنھالىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مەن ئۈچۈن يېزىقچىلىق ۋە كىتاب ئوقۇش ئىدى. يېزىقچىلىق مېنى غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چىن ئۆزلۈكۈمنى چوڭقۇرلاپ تونۇشۇمغا ياردەم بەردى، مېنى يېڭى ئىلھاملارغا ئىگە قىلدى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ۋە دەرس ئۆتۈش داۋامىدا ئويلىغان نۇرغۇن تېمىلىرىم ۋە سوئاللىرىم بار ئىدى. ئىككى يىللىق ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇم جەريانىدا ئاشۇ نۇقتىلارنى قايتىدىن رەتلەپ كىتابىمغا كىرگۈزدۈم. بۇ مەزمۇنلار «ياشلىرىمىز بىلەن سۆزلىشىش»، «قىيىنچىلىق ۋە ئۇيغۇر ياشلىرى» قاتارلىق بابلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ۋەھالەنكى، بۇ كىتاب پەقەت مېنىڭ ئىككى يىللىق ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ مەھسۇلى. بۇ كىتابقا 2009-يىلىدىن 2013-يىلىغىچە بولغان تۆت يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشۇم جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم كىرگۈزۈلمىگەن، كېيىن پۇرسەت بولسا ئۇلارنىمۇ يېزىپ چىقىمەن.

ئەلسۆيەر: ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا سىزنىڭ كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىڭىز، ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارىتىڭىز، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىڭىز ۋە تەپەككۇر ئادىتىڭىز توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتسىڭىز قانداق؟

ئۆزباش: كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلۇم ھەققىدە «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىمنىڭ بىر بابىدا مەخسۇس توختالغانىدىم. بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك جاۋاب ئېلىشنى ئويلايدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇشبۇ سۆھبىتىمىزدە كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلۇم ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىپ ئۆتەي. مەن كىتاب تاللىغاندا بۈيۈك ئادەملەرنىڭ، پىشقان ئالىم، نادىر يازغۇچى ۋە سىستېمىلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى تاللاشنى ئاساس قىلىمەن. ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تىۋېن: «بۈيۈك ئادەملەر بىزدىمۇ بىر بۈيۈك روھنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتىدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ ۋە بىزنى بۈيۈك ئادەملەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ» دەپ يازغانىدى. گەرچە بۈيۈك ئادەملەردىن بولۇشقا قىزىقمىساممۇ، ئەمما مەندە ۋۇجۇدۇمدىكى قېزىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قېزىشتىن ئىبارەت بىر سادا ئىستەك لاۋۇلدايدۇ، بۇ ئىستەك مېنى دەۋرداشلىرىم ۋە قۇرداشلىرىم يازغان كىتابلارنىلا ئەمەس، كلاسسىك نادىر كىتابلارنىمۇ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئاندىن مەن ھەرقانداق بىر كىتابنى ئوقۇغاندا ئاۋۋال بۇ كىتابقا نېمە ئۈچۈن قىزىقىپ قالغانلىقىمنى ئايدىڭلاشتۇرىمەن. ئاندىن شۇ سوئال ئاساسىدا كىتابنى تولۇق ئوقۇماي تۇرۇپ باشتىن-ئاخىر ۋاراقلاپ چىقىمەن، ئاندىن مۇندەرىجىسى، مۇقەددىمىسى، خۇلاسە قىسمىنى باشتا ئوقۇۋالىمەن. ئارقىدىن ئۆزۈم قىزىقىۋاتقان نۇقتىلارغا ياندىشىدىغان بابلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئوقۇيمەن. مېنىڭچە، ئىلمىي ئەسەر-

www.uyghurkitap.com

لەرنى يېڭىدىن ئوقۇشقا كۆنگەنلەر باشتىن- ئاخىر ئوقۇپ چىقىش ئىستىكىدە بولسا ئاسان ھېرىپ قالىدۇ، كىتاب ئوقۇشتا قوللانغان يەنە بىر خىل ئۇسۇلۇم بولسا كىتاب خاتىرىسى تۇتۇش. بۇ خاتىرىگە كىتاب ئوقۇش داۋامىدا ھېس قىلغان مەسىلىلىرىم ۋە ئىلھاملىرىمنى خاتىرىلەيمەن، بۇنداق بولغاندا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىتابنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى ئېڭىمدا خىرەلەشسىمۇ، ئالغان ئىلھاملىرىم ئەسلىمەمدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئىلمىي، سىستېمىلىق كىتابلارنى ئوقۇغاندا چوقۇم ئاستىغا سىزىپ، كىتابقا سوئال قويۇپ ئوقۇيمەن، بۇنداق ئوقۇغاندا كېيىنچە مۇشۇ كىتابلاردىن پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ۋاقىتنى تېجىۋالالايمەن.

ۋاقىت باشقۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ئىزدىنىشچان ياشلىرىمىزنىڭ ھازىردىن باشلاپ ئۆزىدە كۈچلۈك ۋاقىت ئېڭى يېتىلدۈرۈشىنى ۋە ۋاقىت باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، ئۆمۈر ئەسلىدىلا مەۋھۇم بىر ئۇقۇم. ئۇ كونكرېت يىللار، ئايلار ۋە كۈنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، ۋاقىت باشقۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىش ھەرگىز ئوشۇقچە ئىش ئەمەس. چەت ئەللەردە ئۈنۈم قوغلىشىدىغان كىشىلەر ۋاقىت باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتنىشىدۇ. مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇش داۋامىدا بەش مىنۇتلۇق ئىشلار، 15 مىنۇتلۇق ئىشلار، يېرىم سائەتلىك ئىشلار، 90 مىنۇتلۇق ئىشلار تۆرى بويىچە ۋاقىت تەقسىملىدىم. ئىشلىرىمنى سائەتكە قاراپ تۇرۇپ قىلدىم. ئاندىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىۋالدىم. بىر كۈندە قىسقا ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە تاماملىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنى ئوخشىمىغان ۋاقىت بۆلىكىگە كىرگۈزدۈم، شۇ ۋاقىتتا قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى جايىدا قويۇپ، يەنە بىر يېڭى ئىشنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قىلىشقا تىرىشتىم.

يېزىقچىلىق ئۇسۇلى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆزۈم قىزىققان تېمىلاردا يېزىقچىلىق قىلغاندا بىرلا قېتىمدا ئولتۇرۇپ تۈگىتىۋېتىشنى ياكى سىجىل ئولتۇرۇپ ئاخىرىغا چىقىرىۋېتىشنى ئويلايمەن، يېزىپ بولغانلىرىمنى قايتا- قايتا تۈزىتىمەن. يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا ئوقۇرمەن نېمىنى ئويلايدۇ، ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈپ قويۇۋاتامدىم- يوق، دېگەنلەرنى ئويلايمەن. ھېس بايانلىرىمدا ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن خىيالەن دىيالوگ مۇھىتى يارىتىشقا تىرىشىمەن. ئىلمىيلىكى كۈچلۈكرەك يازمىلىرىمدا ئوقۇرمەننىڭ ھېسسىياتىنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيمەن. سەۋەبى ئىلمىي يازمىلاردا ئاپتور ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئوچۇق، لوگىكىلىق يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ جەرياندا ئوقۇرمەن بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى كۆتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىلمىي يازمىدا بىزنىڭ ئوقۇرمەن بىلەن تۇرۇۋاتقان نۇقتىمىز ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ساپلا ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇشقا كۆنگەن ئوقۇرمەن مېنىڭ ئىلمىي يازمىلىرىمدىن ھۇزۇرلىنالماسلىقى مۇمكىن. يېزىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىتنى ئېلىپ ئېيتسام، تۇرۇۋاتقان ئورنۇمنى يۆتكەپ يېزىقچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا قەھۋەخانا، كىتابخانا، كۇتۇپخانا، ئاشخانا ۋە باغچە ئارىلىقىدا يۆتكىلىپ يۈرۈپ خېلى كۆپ يازمىلارنى يازدىم، بۇنداق قىلىشىمدا بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن يېزىقچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش مۇددىئايىممۇ بار.

تەپەككۇر ئۇسۇلۇمغا كەلسەك، ئۆزۈمنى قىزىقتۇرىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىنىمدا، ئۆزۈم ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي كونتېكىستتىن خىيالەن ھالقىغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزىمەن. چۈنكى، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ، تۈزۈلمىنىڭ، ھوقۇق سايىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغاندا ۋە ھالقىيالمىغاندا روھ بوغۇچلىنىدۇ؛ پىكىر بەرباتلىقى يۈز بېرىدۇ. بىزدە پىكىر قىلغاندا، ئۆزىمىزدىن ھالقىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئۆزۈمنى چوڭقۇر پىكىر قىلىمەن دېگىنىم ئەمەس، چوڭقۇر پىكىر ئادەمدىن مول بىلىم زاپىسىلا ئەمەس، يۈكسەك جاسارەت ۋە ھالقىما ئۆزلۈك تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يازغانلىرىم ئىلمىي ماقالە بولمىسىلا ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئانالىتىك تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىمەن. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئامېرىكا مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن ئەندىزە بويىچە پۈتۈنلەي نەزەرىيەۋى تەپەككۇر بويىچە ئەسەر يازسام ئوقۇرمەنلەرگە قۇرغاق تۇيۇلۇشى تۇرغانلا گەپ. پۈتۈنلەي ھېسسىي تەپەككۇر بويىچە ئەسەر يېزىشنىمۇ خالاپ كەتمەيمەن ھەم پەقەتلا ھېسسىي تەپەككۇر بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇمايمەن.

ئۈچىنچىدىن، مەن تەپەككۇر قىلغاندا چاتما تەسەۋۋۇر

قىلىشقا بەكرەك كۆچەيمەن. ئېھتىمال بۇ مېنىڭ ئىلگىرى ئە-
دەبىياتقا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك.
بۇ ئارقىلىق شۇنى دېمەكچىمەنكى، تەپەككۇرىمىزنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز يەنە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنىمۇ
ئاشۇرۇشىمىز لازىم، تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇر بىر - بىرى-
نى تولۇقلايدۇ.

تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلانغى-
نىمدا بىر ئىشلارنى ئالدىن قىياس قىلىشقا، يۈز بەرمەكچى
بولغان ئىشلارنى ئالدىن خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىپ
باقىمەن. گەرچە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بە-
لىشكە بەندىنىڭ قۇربى يەتمىسىمۇ، قىيىن مەسىلىلەر توغرۇ-
لۇق پىكىر قىلغىنىمدا ئاۋۋال يۈرىكىمنى بويسۇندۇرۇشقا ۋە
قايىل قىلىشقا تىرىشىمەن، چۈنكى، بەزىدە قىيىن ئۆتكەللەر-
دىن ئۆتۈشتە ئادەمگە مېڭە ئەمەس يۈرەك، ئەقىل ئەمەس
قىزغىنلىق ياردەم بېرىدۇ.

ئەلسۆيەر: جەمئىيەتشۇناس بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن
ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئومۇمىي جەھەتتىن قانداق قا-
رايسىز؟ سىزچە شەھەرلىشىشنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆر-
سىتىدىغان تەسىرلىرى قايسىلاردىن ئىبارەت؟ ئارىمىزدا
شىددەت بىلەن يامراۋاتقان چەت ئەل قىزغىنلىقىغا بولغان
قارىشىڭىز قانداق؟

ئۆزباش: مەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ قىممىتى-
نى يوققا چىقارمايمەن، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇساق نەزەر
دائىرىمىز كېڭىيدۇ، ۋەتەندە تۇرۇپ بايقىمىغان، ھېس قىل-
مىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقاپ ئۆگىنىۋالىمىز. بۇ بىزنىڭ
يېڭىچە تونۇشلارغا كېلىشىمىزگە پايدىلىق. ئەپسۇس، چەت
ئەلگە چىقىپ ئوقۇش باشقىلار بىلەن بەسلىشىش ئۈچۈن
ياكى مودا قوغلىشىش ئۈچۈن بولسا توغرا بولمايدۇ. مەن
ئامېرىكىدىكى چېغىمدا ئامېرىكىنىڭ بوستون ۋە باشقا شە-
ھەرلىرىدە، 14 ـ 15 ياشلىق ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۇچرىتىپ
ھەيران قالدىم. ئۇ بالىلارنى ئاتا - ئانىلىرى پۈتۈنلەي پۇلغا
زورلاپلا ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارغا يىغلىسىمۇ،
خۇشال بولسىمۇ پۇل ئەۋەتىپ بېرىدىكەن. شۇنداق دېيىش-
كە بولىدۇكى، ئاشۇ بالىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تامامل-
ىغاندىن كېيىن تولۇق كۇرستا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئامې-
رىكىدا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن، ۋەتەندە تۇرۇپ ھېچ
ئىش قىلالمىغانلار، چەت ئەلگە چىقىپ تېخىمۇ بىر ئىشنى

قامالاشتۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل ئىسراپچىلىق، با-
لىلارنىڭ تەقدىرىنى دوغا تىككەنلىكتۇر. مەن بۇنداق
دېيىش ئارقىلىق چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولغانلارنىڭ قىز-
غىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەس. چەت ئەلنىڭ ئەڭ
ياخشى مائارىپى ئاسپىرانتلىق مائارىپىدۇر. ئاسپىرانتلىق ما-
ئارىپىدا شۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەپ تۇرۇپ ئوقۇغىلى
بولىدۇ. مەسىلەن: مەن دوكتورلۇقنى تاماملىغىچە يېنىمدىن
بىر پۇڭ پۇل خەجلەپ ئوقۇپ باقمىدىم. ئەڭ قاملاشمىغان
ئوقۇش ئاتا - ئانىسىنى قىيناپ، ئۇلارنىڭ پۇلىغا چەت ئەلدە
ئوقۇش. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى چەت ئەلدە ئۈچ-
تۆت يىل ئوقۇتۇپلا ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم تۈپەيلىدىن
ۋەيران بولماقتا. ئىقتىسادىي ئەھۋالى پەۋقۇلئاددە ياخشى
ئاتا - ئانىلار بالىسىنى ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا چەت
ئەلدە ئوقۇتماقچى بولسا، «بالام ئاتا - ئانا مېھرىگە تازا
موھتاج بولۇۋاتقان مەزگىلدە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ،
بىزدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ يەردىكى تۇرمۇش بېسىمىغا پىس-
خىكا جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلەمدۇ - يوق؟ چەت ئەل
تۇپرىقىغا ماسلىشالامدۇ - يوق؟» دېگەن مەسىلىلەرنى
ئوبدان ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئانالىز
قىلىش ئۈچۈن نەچچە توم كىتاب يازسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.
بىر جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلە-
رى ئاشكارا، بەزىلىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. مەيلى قەشقەر
ياكى خوتەن ۋە ياكى دىيارىمىزنىڭ باشقا يۇرتلىرىدا ياشا-
ۋاتقان خەلقىمىز بولسۇن، ئۇلار ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان مە-
سىلە زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت دەپ قارايمەن. قاراپ
باقىدىغان بولساق، ھازىر بىز زامانىۋىلىشىشقا ئەگىشىپ،
نۇرغۇن قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىزدىن ياتلىشىۋاتىمىز. مەسى-
لەن: ئۆيلىرىمىزدىن ئاپتۇۋا، چىلاپچا قاتارلىق قول ھۈنەر-
ۋەن بۇيۇملىرىمىز بارا - بارا چىقىپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىسكەرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى چەكلى-
نىپ قالدى. كۆپىنچىلىرىمىز دوپپىلىرىمىزنى توي - تۆكۈن،
نەزىر - چىراغتىن باشقا چاغلاردا كىيمەس بولدۇق، بۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر دوپپىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى خىرىسقا دۇچ
كەلدى. مېنىڭچە، بىز ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىز-
نى ساقلاپ قالماقچى بولساق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇ-

www.uyghurkitap.com

لىرىمىزنى ئىشلەتمىگەن تەقدىردىمۇ سېتىۋېلىپ ساقلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدا دۇچ كەلگەن يەنە بىر كىرىزىسىمىز كىملىك كىرىزىسىدۇر. مېنىڭچە، باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى، بىز ئاسمانغا چىقىپ كەتسەكمۇ، ئالەمنىڭ چېتىدىكى دۆلەتلەردە ياشىساقمۇ، ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت مىللىي كىملىكىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، بىز يىلتىز تارتقان دىيار تەكلىماكان دىيارى، بۇنداق بولغانىكەن بىز كىملىك مەسىلىسىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز كېرەك.

**ئەلسۆيەر:** ئەينى يىللىرى «سەرخۇش» ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ھەپتىدە دېگۇدەك نۇتۇقلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ھەر قېتىملىق نۇتۇق بىزگە ئۆزگىچە ئىلھاملارنى بېغىشلايتتى. شۇنداق چاغلاردا سىزگە بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئېشىش بىلەن بىللە، نۇتۇق قابىلىيىتىڭىزگە ھەۋەس قىلاتتۇق، سىزچە كىشىلەر قانداق قىلغاندا نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ، جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن نۇتۇقنىڭ قانداق رولى بار دەپ قارايسىز ؟

**ئۆز باش:** مەن دوكتورلۇقنى تاماملىغىچە بولغان ئالتە يىلدا ئاساسەن نۇتۇق سۆزلىمىدىم، بىراق 2003 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە «قۇرۇۋاتقان تەپەككۇر دەرىخى، قاچان كۆكلەيسەن»، «كۆڭلىمىزدىكى بىز، ئەمەلىيەتتىكى بىز»، «ئىنگلىز تىلى جاننى نېماندان قىينايسەن ؟» قاتارلىق بىر يۈرۈش نۇتۇقلارنى سۆزلىگەندىم. شۇ جەرياندا مېنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىم ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغاندى. مېنىڭچە نۇتۇق بىر جەمئىيەتنىڭ لايىھەلىنىشىدە، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەلۇم بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ قەلبىمىز ۋە ئۆزلۈكىمىزنى ئاڭلىغان نۇتۇقىمىزنىڭ مەھسۇلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقى تىل پەلسەپىسىنىڭ جۈملىسىنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىساق، رېئاللىق تىلنىڭ، سۆزنىڭ، شۇنداقلا نۇتۇقنىڭ مەھسۇلى. شاھانە ئەسىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك»تە يۈسۈف خاس ھاجىپ بوۋىمىز سۆز ھەققىدە ئوبرازلىق قىلىپ «ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز، كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقاندى. دېمەك، بىز سۆزلەۋاتقان گەپنىڭ قانداق بولۇشى ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز تىل ۋە نۇتۇق جەھەتتىكى ئاساسىمىزنى بالدۇر باشلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ياخشى ئەسەرلەر روھىمىزنى تاۋلايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتساق، نۇتۇق ئىچىمىزدىن، يۈرىكىمىزدىن چىقىدۇ. نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرمەكچى بولغانلار بىرىنچىدىن، ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، داڭلىق ناتىقلارنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلىشى كېرەك. «نۇتۇق سۆزلىگەندە ھېسسىياتنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك. جۈملىنى قانداق تەشكىللەش كېرەك؟ كەيپىياتنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك» دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى داڭلىق ناتىقلار بىزگە ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن: مەن ئامېرىكىدا ئوبامانىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلىدىم. ئاتاقلىق ناتىقلار سۆزلىگەن نۇتۇقلارنى توپلىدىم، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مەن داڭلىق ناتىقلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇيتتىم، سەرخىل نۇتۇقلارنى ئاڭلايتتىم؛ ئۈچىنچىدىن، يالغۇز قالغاندا مەشىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىغان ئېسىل نۇتۇقلار مەشىقنىڭ مەھسۇلى. ئۇنداق بولغان ئىكەن بىز ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا، ئائىلىدە داۋاملىق سۆزلەپ تۇرساق نۇتۇق قابىلىيىتىمىز ئۆسىدۇ. مېنىڭ قوللانغان ئۇسۇلۇم، يالغۇز قالغانلىرىمدا ئەينەك ۋە تامغا قاراپ نۇتۇق سۆزلەشنى مەشىق قىلىمەن. ئەينەك ۋە تام بىزگە نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىتىدىغان ئەڭ ياخشى «ئۇستاز» بولالايدۇ. چۈنكى، بىز ئەينەك ۋە تامغا قاراپ نۇتۇق سۆزلەشنى مەشىق قىلغاندا، بىز ھەرقانچە ئازساقمۇ، ئۇلار بىزنى مەسخىرە قىلمايدۇ. سۆزلەش، ئىپادىلەش جەريانىدا بىزنىڭ تۈيغۇمىز يېتىلىدۇ. ئەينەككە قاراپ سۆزلەش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ چىرايى ۋە كىيىنىشىگە قاراپ مەمنۇنلۇق كەيپىياتىغا چۆمكەلسەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئۆزىمىز لېنتىغا ئېلىپ ئاڭلاپ بېرىشىمىز كېرەك، مەنمۇ ئۆزۈم سۆزلىگەن نۇتۇقلارنى لېنتىغا ئېلىپ قايتا ـ قايتا ئاڭلاپ بېرىمەن. بۇ جەرياندا ئۆزۈمنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمنى بايقاپ تۈزىتىمەن.

**ئەلسۆيەر:** سىز «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرى» ناملىق كىتابىڭىزدا «ئىلىم چېيى»، «پىكىرلىشىش چېيى» قاتارلىق چاي شەكىللىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى چاي شەكىللىرىمىزنى ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىپتىكەنسىز، بۇ

ھەقتە كۆز قارىشىڭىزنى بىلىپ باقساق؟

ئۆزباش: خەلقىمىز ئارىسىدا دوست-يارەن، خىزمەتداش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئايدا بىر ياكى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە بىر يىغىلىپ قاتار چاي ۋە ياكى تۈرلۈك زىياپەت شەكىللىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادىتى شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاتار چايلار ئاللىبۇرۇن تۇرمۇش شەكلىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنداقتا ھازىر بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان قاتار چايلار قانداق شەكىلدە داۋاملىشىۋاتىدۇ؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ قاتار چايلىرىمىز ئاساسەن 10-20 ئادەم بىر سورۇنغا يىغىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئارا كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭدا ئىلىم ھەققىدە، يېقىندا جەمئىيىتىمىزدە بولۇنۇۋاتقان ئىجادىيەت ۋە پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، خەير-ساخاۋەت، مائارىپ ئىشلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەر بولۇنمايدۇ ياكى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇندۇ، ھەتتا كۆپىنچە قاتار چاي سورۇنلىرىمىز غەيۋەتخورلار سورۇنى ياكى ئىچەرمەنلەر پوزۇلىغا ئايلىنىپ قالغان، نۇرغۇن پىتنە-پاساتلار، ئۇرۇش-جېدەللەر شۇ سورۇندا چىقىدىغان ئىشلارمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى كۆپلىگەن قاتار چايلاردىمۇ كىملەرنىڭ ئەمىلىنىڭ ئۆسكەنلىكى، كىملەرنىڭ كۆپ پۇل تاپقانلىقى، كىملەرنىڭ كىيىۋالغان كىيىمىنى قەيەردە سېتىۋالغانلىقى، تۈنۈگۈن قايسى ماركىلىق ھاراقنى ئىچكەنلىكى قاتارلىق يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن نەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبلىكمۇ ئېيتاۋۇر قەلەمكەشلەر «قاتار چايمۇ، خاتا چايمۇ» دېگەندەك ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ قاتار چايغا بولغان نارازىلىقىنى ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

بىر جەمئىيەت كىچىك-كىچىك مىكرو سورۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مىكرو سورۇنلارنى ئىسلاھ قىلالىساق، ياخشىلىيالىساق ئۇنداقتا پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئاستا-ئاستا ياخشى يۆلىنىشكە قارىتىپ ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇ خىل قاتار چاي ۋە ھەر خىل زىياپەتلەرنىڭ شەكلى، مەقسىتىدە يېڭىلىنىش بولۇشى كېرەك. بىز «ئىلىم چېيى»، «پىكىرلىشىش چېيى» قاتارلىق يېڭىچە چاي شەكىللىرىنى تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كىرىپ، بۇنى جەمئىيەتتە بىر تۈرلۈك ساغلام بولغان مەنىۋى ھاۋاغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ زىيالىيلار، كۆپرەك كىتاب ئوقۇيدىغانلار باشلامچى بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆمۈربويى ئۆگىنىش تەشەببۇسىنىڭ باش ئاغرىتىدىغان قۇرۇق شوئار ئەمەسلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرسە، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىزدىنىشنى خالايدىغان ياشلار «ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرسا ھەم ئۆزىدىكى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىسىزلىك تۇيغۇسىغا خاتىمە بېرەلەيدۇ ھەم كەم قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاساس ھازىرلىيالايدۇ.

ئەلسۆيەر: زۇلپىقار مۇئەللىم، ئاخىرىدا ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغىنىڭىزغا رەھمەت.

ئۆزباش: سىزنىڭمۇ ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ مېنى زىيارەت قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بۇ يۈزتۇرا سۆھبەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم ئاغزاكى نۇتۇق بىلەن يازمىچە خاتىرىنىڭ پەرقى بولغانلىقى ئۈچۈن سۆھبىتىمىزدە بەزى يېتەرسىزلىكلەر ۋە چولتا قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كورېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارايېكىن (تەكلىپلىك).



# جەننەتنىڭ ئىشكى

ئابدۇرېھىم ئابلەتخان

بۇ توقۇلما ئەمەس، ھەقىقىي بولغان ئىشلار.

بىر نەچچە يىل بۇرۇن بىر بوۋاي بىلەن ئىككى كۈن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. دەسلەپتە بوۋاينىڭ خاتىرىسى شۇنداق ئوچۇق ئىدى. بالا چاغلىرىدىكى ئىشلارنىمۇ خۇددى بايىلا يۈز بەرگەندەك راۋان سۆزلەپ بېرەتتى، ئەمما بەزىدە ھېلىلا قىلغان ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. تۈنجى كۈنى بوۋاينىڭ نېرۋىسىدا سەل مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، ئەمما ئەتىسىگىچە بوۋاينىڭ روھىي ھالىتىنىڭ مەندىنمۇ ياخشىلىقىغا ھەيران قالدىم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ شۇ يۇرتقا يەنە بېرىپ قالدىم. ھېلىقى بوۋايدىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە باردىم. بىراق بوۋاي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. باللىرى بىلەن پاراڭلاشقاچ بوۋاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى بەزى ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتىم. باللىرىغا مەن ئىلگىرى بوۋايدىن ئاڭلىغانلىرىم بىلەن ئۇلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ قايتىدىن سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، شۇ كۈنى ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. چىرايلىق ۋە ئازادە ئولتۇرۇق، كەچكىچە بوۋاينىڭ ۋە باشقا بوۋايلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى سۆزلەندى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە نېمىشقىدۇر شۇ ۋاقىتتىكى پاراڭلارنى سىلەرگىمۇ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلاپ قالدىم.

... بىر بالا دادىسى بىلەن ياشايدىكەن. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئۆيى يازدىمۇ قىشتەك سوغۇق بىلىنىدىكەن.

بالا پەقەت ھەر ئاخشىمى دادىسى بىلەن ئۇخلاشقا ياتقاندا ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ قالىدىكەن.

بالا دادىسى ئېتىزغا كەتكەندە ئاپىسىدىن قالغان دوپپىنى كىيىۋېلىپ ھويلىدا تام تۈۋىدە كېتىۋاتقان چۇمۇلىلارنىڭ ئالدىنى توساپ ياكى ئۇلارغا توپا ياغدۇرۇپ ئوينايدىكەن. سوقما تامنىڭ يېرىقلىرىغا پۇدەيدىكەن ياكى كىچىك ياغاچلارنى تىقىپ كولاپ باقىدىكەن.

بەزىدە سىرتتىن باللارنىڭ خۇشال سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ قالىدىكەن، بالا كونا ئىشىكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىك يېرىقلىرىدىن سىرتقا قاراپ كېتىدىكەن. سىرتتىكى باللار ئويۇننىڭ قىزىقىدا ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆزلىرىگە قاراپ قاراۋاتقان بىر جۈپ قارا كۆزنى سەزمەيدىكەن.

بالا پېشانىسىنى ئىشىككە تىرىگىنىچە يېرىقتىن سىرتقا قاراپ تۇرۇۋېرىدىكەن. بىر سائەت، ئىككى سائەت شۇنداق قارايدىكەن. بىر چاغلاردا سىرتتىكى باللار ئويۇنلىرىنى تۈگىتىپ تارقاپ كېتىدىكەن. ئەمما بالا بوش قالغان كوچىغا قاراپ تۇرۇۋېرىدىكەن. تۇرۇۋېرىپ پېشانىسى كۆيۈشۈپ ئاغرىيدىكەن. شۇندىلا بالا ياغاچقا تېگىپ ئويۇشۇپ كەتكەن پېشانىسىنى سىيلىغىنىچە ئىشىككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدىكەن.

بىچارە بالا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاپىسى يوقكەن.

كۆز باغلانغاندا دادىسى ئېتىزدىن قايتىپ كېلىدىكەن. ئالدىراپ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپلا بالىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىدىكەن. بالىنى جىق يېيىشكە زورلاپ ئۆزى بالىسىدىنمۇ ئاز يەيدىكەن. بالا تاماقنى چېچىپ قويسا دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىدىكەن. ئۇنى تاماق يېگەندە تىزلىنىپ تىك ئولتۇرۇپ يېيىشكە مەجبۇرلايدىكەن، دادىسىنىڭ دېيىشىچە شۇنداق ئولتۇرسا چوڭ بولغاندىمۇ تىك ئولتۇرىدىغان ئادەم بولىدىكەن، رىزقى بار ئادەم بولىدىكەن.

بەزىدە دادسى تاماق يەۋاتقان بالسغا قاراپ جمجت ئولتۇرۇپ كېتىدكەن. بالا دادسنىڭ قاراۋاتقانلقنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈرسە دادسى بالسدىن كۆزىنى ئېپقېچىپ باشقا ياققا قارىۋالىدكەن.

دادسى ئۇخلايدىغان چاغدا بالسغا قېلنراق يوتقاننى يېپىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ چاپىنىنمۇ يېپىپ قويىدكەن. ئۆزى بولسا تتلىپ مازلرى ئۇ يەر، بۇ يەرگە يىغلىپ قالغان (ئەمما دادسنىڭ دېيىشىچە بەكلا ئىسسىق) كونا يوتقاننى يېپىنىپ ئۇخلايدكەن. دادسنىڭ ياستۇقى پەس بولغاچقا بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى يۆگكىنى ياستۇقنىڭ ئۇستىگە قاتلاپ قويۇپ ياتىدكەن، بالا دادسنىڭ پۇشۇلدىشىنى ئاڭلىغاچ ئۇخلاپ قالىدكەن.

سىز يېرىل تېشىم دېگەن چۆچەكنى ئوقۇغانمۇ ؟

بۇ بالىمۇ چۆچەكتىكى يېتىم قىزدەك يىراقلارغا بېرىپ بىرەر تاشنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداق قىلسا دادسىنىڭ ھەر ئاخشىمى سوغۇق ئۆيدە تېخىمۇ يالغۇز قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

سىز ئابىھايات دېگەن چۆچەكنى ئوقۇغانمۇ ؟

بالا ئابىھاياتنى ئۆزى ئىچمەيدىكەن. ئابىھايات بىلەن ئاپىسىنى قايتۇرۇپ كەلسە چىرايلىق يوتقان ۋە بىر ياستۇق تىكىپ بېرىدىكەن. شۇ چاغدا بالا يېڭى يوتقاننى دادىسىغا يېپىپ قويىدىكەن. ھەر ئەتىگىنى دادسىنىڭ چايىنى قاينىتىپ بولالماي ئۇچاقتىكى ئوتۇننى توختىماي پۈدىشىگە ئىچى ئاغرىيدىكەن، ئەگەر ئاپىسى بولسا ئۇلار ئويغانغاندا چاي تەييار بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئەمما ئۇنىڭ ئاپىسى ئەمدى كەلمەيدىكەن. نېمىشقا كەلمەيدىغانلىقىنى بالا بىلمەيدىكەن. ئۇ يەنە دادسىنىڭ يۆگكىنى پۇراپ يېتىش ئۈچۈن ياستۇق قىلىۋالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئەگەر دادسى بالسىنى يېنىغا ئېلىپ پۇراپ ياتسا بالىنىڭ چوڭ بولغاندا ئەركە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن، ئەمما بالا بۇلارنى بىلمەيدىكەن. «دادامنىڭ ياستۇقى پەس» دەپ ئويلايدىكەن.

بەزىدە دادسىنىڭ يانچۇقىدىن بىرەر تال ئالما ياكى كەمپۈتتەك نەرسىلەرمۇ چىقىپ قالىدىكەن. ئەمما دادسى ئۇنداق نەرسىلەرنى يېيەلمەيدىكەن، ئۇلارنى يېسە چىشى ئاغرىيدىكەن. شۇڭا بالىسىلا يېيەلەيدىكەن. بالىسى بولسا «دادامنىڭ چىشى ئاغرىيدۇ» دەپ ئويلايدىكەن.

بالا بارا - بارا چوڭ بوپتۇ.

دادىسىغا ئوخشايدىغان جىمجىت ھويلىدا، ئانىسىنىڭ چىرايىدەك ئىللىق ئاسمانىنىڭ تېگىدە چوڭ بولۇپتۇ.

بالا مەكتەپكە بېرىپتۇ.

دادسى ھەر كۈنى ئىشتىنغا بېرىپتۇ.

ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەتىگىنى ئايرىلىدىكەن. كەچقۇرۇن بولغاندا كۆرۈشىدىكەن. دادسى يۈز - كۆزلىرىنى قارا - ئالا بوياپ يۇرۇپ ئەتكەن تاماقنى بىللە يەيدىكەن، بالا تاپشۇرۇق ئىشلەيدىكەن. دادسى ئوچاقنىڭ ئالدىدا خىيال سۈرگىنىچە ئولتۇرىدىكەن. بەزىدە بالا تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالماي شىرەگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالىدىكەن. دادسى ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقان چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. قاراپ كېتىدىكەن، بىر چاغدا بېشىنى يانغا قىلىۋالىدىكەن. ئاندىن ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويىدىكەن.

بالىنىڭ شىرەگە يېيىلىپ كەتكەن كىتابلىرىنى، دەپتەرلىرىنى رەتلەيدىكەن. كەتمەن چېپىپ، كەتمەننىڭ سېپىدەك سىلىق ۋە قاتتىق بولۇپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن كىتاب ۋاراقلىرىنى شۇرلەيدىكەن. كىتاب بەتلىرىدىكى رەتلىك تىزىلغان قۇرلارغا ئۇزاققىچە قاراپ كېتىدىكەن. ئاشۇ رەتلىك قۇرلارنىڭ ئارىسىدىن ياخشى بىر نەرسە چىقىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىدىكەن. يۈزىدىكى قورۇقلار يېشىلىپ، چىرايى ئېچىلىپ قالىدىكەن. ئۇخلاۋاتقان بالىسىغا قارايدىكەن، قولىنى بالىنىڭ يوتقىنىغا تىقىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ قويىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ جىمجىت ھويلا، جىمجىت ئاتا - بالا بىللە ياشاپ ئون نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. بالا مەكتەپنى تۈگىتىپتۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەپتۇ.

ئەمدى بالا دادسى بىلەن ئېتىزدا ئىشلەيدىكەن، ئەتىگىنى تەڭ ئېتىزغا بېرىپ، ئاخشىمى تەڭ قايتىپ كېلىدىكەن.

بالا شۇ چاغدا ئاپتاپنىڭ قانچىلىك قىزىقلىقىنى، ئۇيقۇنىڭ قانچىلىك تاتلىقلىقىنى، قول - پۇتلارنىڭ قانچىلىك ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بىلگەنلىرى يەنە كۆپىيىپتۇ، بالا ياخشى بالىكەن، باشقا باللاردەك ئىشتىن قاچمايدىكەن، ئىككىسى شۇنداق ياشايدىكەن.

ئەمما بالا ھارغىن ئىكەن. ئۆزگەرمەس كۈنلەر، ئۆزگەرمەس تاماق ۋە تۈگىمەس ئوششاق ئەمگەكلەر ئۇنى دادسىغا ئوخشاش جىمغۇر قىلىشقا باشلاپتۇ.

بالا دادسىغا قارايدىكەن. سەل دۈمچەك گەۋدىسى بىلەن ھەركەت قىلغاندا پولاتتەك تۇرىدىغان ئىشتان - چاپىنىغا يىراقتىن، بەزىدە يەرنىڭ تېگىدىن بىلىندۈرمەي قارايدىكەن.

دادسى نېمىشقىكىن ھېرىپ ماڭمايدىكەن، ئىشلەۋېرىدىكەن.

بالا بىر نەرسىگە ھەيرانكەن. دادىسىنىڭ نېمىشقا ھېرىمايدىغانلىقىغا ھەيران قالىدىكەن. قۇرتتەك توختىماي مىدىراپ تۇرۇشىغا ھەيرانكەن. دادىسىنىڭ ئۆزىنى بىلگەندىن تارتىپ ئۆزگەرمەي تۇرغان سەل دۈمچەك گەۋدىسى بىلەن مەڭگۈ كونىرىمايدىغان بىر قۇر كىيىمىگە ھەيران قالىدىكەن، توختىماي ئىشلەيدىغان بۇ ئادەمگە ھەيرانكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالا زېرىكىشكە باشلاپتۇ.

بالا زېرىككەن بىلەن زېرىكمەيدىغان يەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇ تەڭتۇشلىرى ئارىسىغا يۈرەكلىك كىرەلمەيدىكەن. ئادەم توپلاشقان سورۇنلارغا بارغۇسى كەلمەيدىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، بارغۇسى كەلسىمۇ ئەيمىنىدىكەن، قورۇنىدىكەن. دادىسى بالىسىدىن باشقا تۇغقان - بۇرادىرى يوقتەك ياشاپتىكەن. ئەمدى بالىسىمۇ دۇنيادا دادىسىدىن باشقا ئادەم يوقتەك ياشايدىكەن. تەڭتۇشلىرى دادىسى ياكى باشقا تۇغقانلىرىغا ئەگىشىپ ھەرخىل ئىشلارنى قىلىدىكەن. بەزىلىرى موتوسىكلىت، ھەتتا ماشىنا ھەيدەيدىكەن. ئالىي مەكتەپكە كەتكەن ساۋاقداشلىرى تەتىل قىلىپ كېلىدىكەن، يولدا ئۇچرىشىپ قالسا بالا ھودۇقۇپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەيدىكەن.

بالا باشقىلارنىڭ «نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دېگەن سوئالىدىن خىجىل بولىدىكەن. يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ «سىز كىمنىڭ بالىسى؟» دەپ سورىشىدىن قورقىدىكەن. نېمىشقىدۇر دادىسىنىڭ ئىسمىنى دېيىشتىن قاچىدىكەن. چۈنكى، بالىغا باشقىلار بۇنداق سوئالنى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن سوراۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن. بالا دادىسىدىن نومۇس قىلىدىكەن. شۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئاپىسى يوقلۇقىغا كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن.

بالىنىڭ خىيالىغا، دەرۋازىنىڭ يېرىقلىرىدىن سىرتقا قاراۋاتقان بىر كىچىك بالا كېلىدىكەن. كىچىك بالىنىڭ قارا كۆزلىرى ياش يۇقى ئىكەن، بۇلارنى ئويلاپ بۇ بالىنىڭمۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش كېلىدىكەن.

بالا دادىسىنىڭ باشقىلارنىڭ دادىسىدەك ئەمەسلىكىنى بىلىدىكەن. ئۇ پەقەت ئېتىزدا ئىشلەشتىن باشقا ئىش قىلالمايدىكەن. بالىسى ئۈچۈن يول مېڭىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالمايدىكەن ياكى پۇل چىقىرىپ بىرەر دۇكان ئېچىپ بېرەلمەيدىكەن. بالا بۇلارنى ئويلايدىغان بوپتۇ، ئۇ چوڭ بوپتۇ. چوڭ بولغاندىلا دادىسىنىڭ ئەسكى ئۆيىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقلۇقىنى بىلىپتۇ.

بالا شۇ ياشقا كەلگەندىلا دادىسىنىڭ بەكلا يارىماس ئادەملىكىنى ھېس قىلىپتۇ. دادىسىدىن، جىمجىت ھويلىسىدىن زېرىكىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى دۈگىجاڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭ قولىنى قايرىۋېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ بولسا بۇرنى قاناپتۇ، دادىسى بىر رەھبەرنى يارىلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

يېزىدىكى ساقچىلار دادىسىنى ئالغىلى كەپتۇ. دادىسى بالىنى ھويلىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۆيدىن دادىسىنىڭ ياڭرىغان ئاۋازى بىلەن ساقچىلارنىڭ كەسكىن قوپال ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ.

بىر چاغدا ساقچىلار دادىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بالا ھويلىدا ئىكەن. دادىسى ئۆيدىن چىقىۋېتىپ بالىسىغا قاراپتۇ. كۆزىنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسىنى سۈمۈرۈپ تاشلايدىغان بىر تەشنالىق بىلىنىپ تۇرىدىكەن. دادىسىنىڭ ئىككى پۇتى نېمىشقىدۇر ئۇگىلاپ ماڭالمايدىكەن، سەنتۈرۈلىدىكەن. دۈشكەللەپ ماڭغان ساقچىلارغا، پىچىرلىشىۋاتقان قوشنىلارغا... قارىمايدىكەن. ئوغلىغا قارايدىكەن. بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھاڭۋېقىپ قالغان ئوغلىغا قارايدىكەن. بالىسى شۇ چاغدا دەرۋازىدىن چىقىۋاتقان دادىسىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشنى كۆرۈپ قاپتۇ، بالا دادىسىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن.

لاتا پىكاپ دادىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بالا دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىۋالغان ئادەملەردىن نومۇس قىلىپتۇ. يەرگە كىرگۈدەك بوپتۇ. پىكاپ قاچانلاردا كەتتى؟ يىغىلىۋالغان قوشنىلار قاچان تارقاپ كەتتى؟... بۇلارنى بىلمەيدىكەن.

كېيىن بالا قوشنىلارنىڭ پاراڭلىرىدىن بىلىشىچە دۈگىجاڭ ئەزالارغا يىغىن ئېچىۋېتىپ دادىسىغا «ھەي يارىماس، ئاۋۇ يارىماس ئوغلۇڭ بىلەن قەرزىڭنى قاچان تۆلەپ بولىسەن» دېگىنى شۇ بوپتۇ. بالىنىڭ دادىسى غالجىر ئىتقا ئايلىنىپتۇ. بۇرۇن بۇنىڭدىن ئېغىر گەپلەرگە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ شۇ كۈنى نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بالىنىڭ دادىسى كىچىككىنە ئىشقا ساراڭلىق قىلىپ جىنايەتچى بولۇپتۇ، مانا ئەمدى بالا يالغۇز قاپتۇ.

يا دادىسىنىڭ تايىنى يوق ياكى ئاپىسى يوق، باشقىلار ئالدىدا ماختانغۇدەك ھېچنېمىسى يوق بالىلارنىڭ ئەزەلدىنلا دوستلىرى بولمايدىكەن، باشقىلار ئۇلارنى قاتارغا قوشۇۋالسىمۇ پەقەت مازاق قىلىپ ئويناش ئۈچۈنلا قوشۇۋالىدىكەن.

ئەمدىلىكتە بالا تېخىمۇ يالغۇز قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بوران ئۇچۇپ تۇرغان ھويلا، يىغلىماي تاشلاپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپە، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى پارچە-پۇرات نان ۋە رەتسىز چىنە - قاچىلارنىڭ ئارىسىدا مىدىراپ يۈرگەن بىر يالغۇز بالا قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالا دادىسىغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇنى ئەتراپتىكىلەر تېخىمۇ ياراتمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بالا دادىسىنىڭ قايسى تۈرمىدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن، باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈشتىن خىجىل بولىدىكەن. دادىسىغا ئۆچ بولغاچقا سۈرۈشتۈرۈشنىمۇ خالىمايدىكەن.

ئارىدىن يىرىم يىل ئۆتۈپتۇ.

ئىسسىق ئۆي بىلەن ئىسسىق تاماقنى يىرىم يىل كۆرمىگەن بالىغا بىر ئىسسىق چىراي ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ قالغان بالىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئادەم قۇرۇق ئۈزۈم تىجارىتى قىلىدىكەن. ئىچكىرىدە بۇ بالىغا ئوخشاش بىر نەچچە بالىنى پارچە قۇرۇق ئۈزۈم ساتتۇرىدىكەن. بۇ بالىلار ھەر كۈنى ئۇ ئادەم ئېلىپ بەرگەن ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتكە ئۈزۈملەرنى تولدۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىدا، بازار دوقمۇشلىرىدا ئايلىنىپ ئۈزۈم ساتىدىكەن. قانداقلا بولمىسۇن ھەر كۈنى ئىسسىق تاماق بىلەن ئىسسىق ياتاق بار ئىكەن. ئۇلار بىر قىش شۇنداق ئۈزۈم سېتىپتۇ. يازغا يېقىن ساتىدىغان ئۈزۈم تۈگەپتۇ. ھېلىقى ئادەم بىلەن قالغان بالىلار يۇرتقا قايتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ، بىراق بالا ئۆزىنى، دادىسىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ شەھەردىن ئايرىلىشنى خالىماپتۇ. ئۇ ئۈزۈم سېتىش جەريانىدا تونۇشۇپ قالغان بىر نەچچە يانچۇقچى بالىلار بىلەن شۇ شەھەردە قاپتۇ. ئۇ شەھەردىن باشقا شەھەرلەرگىمۇ بېرىپتۇ، ئۇلار بىر شەھەردە ھەپتە كۈنمۇ تۇرمايدىكەن. توختىماي شەھەر ئايلىنىدىكەن. مەھەللىسىنىمۇ تولۇق ئايلىنىپ باقمىغان بۇ بالا توختىماي شەھەر ئايلىنىشقا ئامراق بولۇپ قاپتۇ. كىچىك چېغىدا بىر قاچا لەڭمەنمۇ يەپ باقمىغان بالا شېرىكلىرى بىلەن ئېسىل تاماقلارنى، رەڭدار سورۇنلارنى بىللە كۆرۈشكە ئامراق بولۇپ قاپتۇ.

ئەمما ھەر كۈنلا بۇنداق بولۇۋەرمەيدىكەن. ساقچىلارغا تۇتۇلۇپمۇ قالىدىكەن. ئەمما ھازىرقى بالا دادىسى قولغا ئېلىنغان چاغدىكى بالا ئەمەسكەن، ئۇنچىلىك قورقۇپ تىترەپ كەتمەيدىكەن، بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈككەن.

شۇنداق قىلىپ بەش يىل جەريانىدا گاھىدا ھەيۋەتلىك مېھمانخانىلاردا، ئېسىل تاماقخانىلاردا، يەنە گاھىدا پەلەمپەي ئاستىلىرىدا، ئەخلەتخانىلاردا يېتىپتۇ. شۇنداق چاغلاردا ئۆيىنى ۋە دادىسىنى ئەسلەپ قويىدىكەن، ئەمما يەنىلا يۇرتىغا قايتقۇسى كەلمەيدىكەن، دادىسى بىلەن يەنە بۇرۇنقىدەك بىللە ياشاشتىن قورقىدىكەن.

كىچىك شەھەرلەردە، ئىسسىق - سوغۇقلاردا، ئاچلىق ۋە توقلۇق بىلەن چۆرگىلەپ يۈرگەن بالا بىر كۈنى شۇ شەھەردىكى بىر ئاشخانىدا ئىشلەپ قاپتۇ. ئاشخانا خوجايىنى ياخشى ئادەمكەن. بالىنىمۇ «ياخشى ئادەمنىڭ بالىسىكەن» دەپتۇ. بالىنىڭ تۇنجى قېتىم باشقا ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن دادىسىنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلىشىكەن. ئەمما ئاشخانا خوجايىنى دادىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيدىكەن. بىراق ئاشپەز يەنىلا ياخشى ئادەمكەن، گېپى جىقكەن. بالىغا ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. توختىماي پاراڭلىشىدىكەن، چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرىدىكەن.

بالا شۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ ئۇستا ئاشپەز بولۇپ، ئاشخانىنى ئۆزى باشقۇرغۇدەك بوپتۇ.

ئاشپەز ئۇستام ئۆزىنىڭ يالغۇز قىزىنى بالىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئىككى باللىق بوپتۇ. بۇرۇنقى بىر ئاشخانىسى كېيىن ئۈچ بوپتۇ. نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ 50 ياشقا يېقىنلاپ قالغان نەۋرىلىك بولغان چوڭ ئادەم بوپتۇ.

ئۇ شۇ يىشىغا قەدەر يۇرتى ياكى دادىسى توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىماپتۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەپتۇ. ئۇ ئەسلىمىلەردىن قېچىپتۇ، چۈنكى، دادىسى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختانغۇدەك ئادەم ئەمەسكەن. شۇڭا پۇل تاپىدىغان ئاشخانىلىرى ۋە خوتۇن - بالىلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقتەك ياشاپتۇ.

باللىقى، ھېلىقى ھويلىسى ۋە جىمغۇر دادىسى... ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

يېشى چوڭلىغانچە بوۋاينىڭ ئائىلىسى بىلەن بالىلىرى يۇرتقا قايتىپ كېتىشنى سۆزلىشىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بۇ شەھەر نېمىلا قىلمىسۇن ئۆزىنىڭ يۇرتى ئەمەسكەن. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قەدەر بۇ شەھەردىلا ياشاپ ئۆتكىلى بولمايدىكەن. ئادەم دېگەننىڭ ئۆلۈك - تىرىكى بولىدىكەن. ھەممە ئىش ئاشۇ يىراقتىكى يۇرتتا، قولۇم-قوشنىلار ئارىسىدا ياخشىكەن. توپىلىق بولسىمۇ، ئەسكى بولسىمۇ يەنىلا يۇرت ياخشىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان يەنە بىر بوۋىسىنىمۇ كۆرۈشى كېرەككەن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشى كېرەككەن...

كۈندە شۇ پاراڭ بوپتۇ. نەۋرىسى قاچان يۇرتقا چىقدىغانلىقنى ھەر كۈنى بوۋايدىن سوراپتۇ، ھەر كۈنى سورا-

ۋېرىپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قانداقراق ئادەملىكىنى، كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ساقلىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقىنى توختىماي سورايدىكەن، بوۋاي نەۋرىسىگە ئامراقكەن.

نەۋرىسى ئاشۇنداق سوراۋېرىپ بوۋايىنى ئۆزگەرتىپتۇ. يۇرتىنى، دادىسىنى ئويلايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. كىچىك بالا دېگەن ئاجايىپ نەرسە. ئۇ يا ئۆچمەيدۇ ياكى لاۋۇلداپ سېنى كۆل قىلىۋەتمەيدۇ. ئادەمگە ئىسسىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. نەۋرىسىنىڭ كۈندە ئاشۇنداق ئىسسىق ئۆتكۈزۈشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ يىراقتىكى يۇرتىغا ۋە ئۇ يەردىكى نامەلۇم بوۋىسىغا بولغان قىزىقىشى كۈچىيىپتۇ.

بوۋاي يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپتۇ.

ئۇلار يۇرتقا كەلگەندە بوۋاي ھېچ يەرنى تونۇيالماپتۇ. كىراچىلاردىن سوراپ يۈرۈپ مەھەللىسىگە كەپتۇ. بىراق بۇ مەھەللە ئۇنىڭ مەھەللىسى ئەمەسكەن. بوۋاي ئېسىدە قالغان مەھەللىسىنى، ئۆيىنى تاپالماپتۇ. ئەتراپتىكىلەردىن سورۇشتۇرسە كونا مەھەللىلەرگە يېڭى ئولتۇراق جايلار چۈشكەن ئىكەن، ئۇلار ئامالسىز مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ.

بوۋاي ناھايىتى تەسلىكتە ئىلگىرىكى قوشنىلىرىدىن بىرىنى تېپىپتۇ. قوشنىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ ئېچكىرىگە كېتىپ ئىككىنچى يىلى دادىسى تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىكەن، ئۇ كۈندە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ھويلىسىدا كۈنلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن. ئېتىزنىمۇ باشقىلارغا كۆتۈرە بېرىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىشى پەقەت كۈنلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشكەن، ئۇ قوشنىلار بىلەنمۇ بۇرۇنقىدەك بېرىش - كېلىش قىلمايدىكەن.

قىشنىڭ بىر كۈنى قوشنىلار ئۇنىڭ ئېتىز تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ كۈنى دادىسىنى قەبرىستان تەرەپتە كۆرگەنلەرمۇ بار ئىكەن. بەلكىم ئايالىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى بارغان ئوخشايدۇ، بۇ قوشنىلارنىڭ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنى بولۇپ قاپتۇ.

كېيىن دادىسى ئۇدا نەچچە ھەپتە ھويلىدىمۇ كۆرۈنمىگەچكە قوشنىلار ئەنسىرەپ ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرسە كاڭدا سېلىنغان ئىككى يوتقان بار ئىكەن. يېگىراقىدا ھېچكىم يوقكەن. دادىسى كونا يوتقاننى يېپىنىپ ئۆلۈپ قالغانىكەن.

قوشنىلار ئۇنى يۇيۇپ تاراپ يەرلىككە قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن ھېچ بىر ئىقتىساد بولمىغاچقا ئۆيىنى بىرىگە سېتىپ يەرلىككە قويۇپ نەزىرلىرىنى قىپتۇ.

بالىنىڭ دادىسى شۇنداق ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بالىغا ئىلگەرى ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىگەندەك ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ بىرەر مىراس قالدۇرالماپتۇ، ھەتتا بالىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى كىچىككىنە ھويلىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ...

ئۇ يۇرتىدىن يەر - جاي سېتىۋاپتۇ. ئېسىل قورۇ-جايلار سالدۇرۇپتۇ. ئىلگىرىكى قوشنىلار بىلەن ئىزدىشىپتۇ، ھال - ئەھۋال سوراپ ئۆتتۇشۇپتۇ. يېزىلاردىكى بىر نەچچە كونا مەكتەپنى قايتىدىن يېڭىلاپ بېرىپتۇ. يول ياسىتىپ، كۆۋرۈكلەر ساپتۇ. ئاجىزلارنىڭ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىيلاپتۇ... ئۇ شۇ يۇرتتىكى كاتتا جامائەت ئەربابى بولۇپتۇ. ئەمما يەنىلا بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك خۇشال بولالماپتۇ، داۋاملىق ئىچىنى بىر ھەسرەت تاتىلاپ ئۇنى خۇشال قىلماپتۇ.

بىر كېچىسى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ئۆزىنى ئىلگىرىكى ئەسكى ئۆيىدە دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. ئالدىراپ چىراغنى ياندۇرسا يەنىلا ھازىرقى ياسىداق ئۆيىدە ماموق يوتقاندا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىلگىرىكى بالا ھازىرقى بوۋاي «دادا!» دېگىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئايالى، بالىلىرى، نەۋرىلىرى يىغىلىپتۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەتكە ھەيران قاپتۇ. سەۋەبىنى سوراپتۇ. بوۋاي ئېسەدەيدىكەن، گەپ قىلمايدىكەن. دوختۇرلارنى چاقىرىپتۇ، ئەمما ھېچكىم بىلەلمەپتۇ.

بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈزى خىيال بىلەنلا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېچىسى بولسا چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ ياتىدىكەن. چىراغنى كېچىدە يېقىشقا يول قويمايدىكەن. ئۇنىڭ كېچىدە «دادا» دەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بالىلار چىراغنى ياقسا ئۇلارنى تىللايدىكەن... كېيىنچە بالىلىرى كېچىدە ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسىمۇ چىراغنى يېقىشتىن قورقۇپ ئاۋاز چىقارماي جىم ئولتۇرىدىغان بوپتۇ، ئاستا - ئاستا بوۋاينىڭ ساراڭلىقىغا كۆنۈپ كارى بولمايدىغان بوپتۇ.

دوختۇرلار بوۋايغا «مېڭە يىگىلەش» دەپ دىياگنوز قويۇپتۇ.

قىزىق يېرى مېڭە يىگىلەشكە گىرىپتار بولغان بۇ بوۋاينىڭ يەنە بىر كېسىلى بار ئىكەن. ئۇ توختىماي سەدىقە بېرىدىكەن. خۇددى ھەممە نېمىسىنى، ھەتتا ئامال بولسا ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنىمۇ سەدىقە قىلىدىغاندەك توختىماي سەدىقە قىلىدىكەن.

بوۋاي كۈنلىرىنى خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئاخشىمى بولسا يالغۇز يېتىشقا ئامراقكەن. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن، دادىسىدىن قالغان ئەسلىملىرىنى ئىزدەي-

ىدىكەن. ھويلىسىدا ئويناپ ئولتۇرغانلىرىنى، دادىسىنىڭ
تاماق ئېتىش ئۈچۈن يانمايۋاتقان ئوتنى پۈدەۋاتقان ھالىتى-
نى ئەسلەيدىكەن. دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە تاپالمايدىغان
ئىلگىرىكى ھويلىسىنى، ئاپىسىنىڭ دوپپىسىدەك كۆپكۆك
ئاسمانىنى، ئۇنىڭ چىرايىدەك ئىللىق ئاپتاپنى خىيالىدىلا كۆ-
رەلەيدىكەن. كۆزىنى يۇمسا ئۆزىنىڭ يۈگىكىنى پۇراپ
يېتىش ئۈچۈن ياستۇق قىلىۋالغان دادىسىنىڭ پۇشۇلدىشىنى
ئاڭلىغاندەك بولىدىكەن، بوۋاينىڭ بەختى كېچە-كۈندۈز
خىيال سۈرۈشكەن.

ياۋاش دادىسىنىڭ دۇنياغىنى نېمىشقا ئۇرغانلىقىنى
چۈشىنىدىكەن. دادىسىنىڭ نەزەرىدە ئوغلى ھاياتىدىكى
تېغى ئىكەن. تەنھالىقتىكى ھەمراھىكەن. يىللاپ يېنىۋات-
قان كۆڭلىنىڭ ئوتىكەن. كۆزى كۆرگەن، كۆڭلى سۇ
ئىچكەن بىردىنبىر ھەمراھىكەن، شۇڭا ئوغلىنى تىللىغانلىقى
دادىغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىكەن.

بوۋاي كۆڭىسىرى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

باللىرى خىزمەت بىلەن ئالدىراشكەن. بوۋاي بىلەن
كۆپ پاراڭلاشمايدىكەن، چۈنكى، بوۋاي چۈشىنىكسىز
گەپلەرنى قىلىدىكەن. ئەمما ھەممىسى بوۋايغا كۆيۈنىدى-
كەن.

بوۋاي مەسئۇلىيەتنى بىلمەيدىكەن. چۈنكى، دادىسىغا
مەسئۇل بولماپتىكەن. تۇغقانلىرى بوۋايغا مېھرىبانلىق قىلى-
دىكەن. بۇ ئۇلاردىكى مەسئۇلىيەت ئىكەن. بوۋاي مەسئۇ-
لىيەتكە موھتاج ئەمەسكەن. ساناقلىق مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ
بىر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئىزدەيدىكەن، ئەمما ئۇ نەرسە
مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇ مەسئۇلىيەت ئەمەس ئىكەن.

مەيلى باللىرى ياكى نەۋرىلىرى بولسۇن ئۇنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىدىكەن. ئەمما بوۋاي-
نىڭ كىيىملىرىنى دادىسى يۈگىكىنى پۇرىغاندەك پۇرىمايدى-
كەن. پۇتلىرىنى دادىسى سىيلىغاندەك سىيلىمايدىكەن. بو-
ۋاينىڭ چىرايىغا دادىسى قارىغاندەك مۇھەببەت بىلەن قا-
رىمايدىكەن، بىراق دادىسى بىر قېتىممۇ بالىسىنى ياخشى
كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ باقماپتىكەن.

بوۋاي ئاخىرقى مىنۇتلاردا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ دا-
دىسىنىڭ مۇھەببىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. ئاشۇ ئاددىي
تۇرمۇشنىڭ نامرات قەۋەتلىرىگە چىلىشىپ تۇرغان مۇھەب-
بەتنى، كۆزلەرنى جەلپ قىلغۇدەك داغدۇغىدىن خالىي
جىمجىت مۇھەببەتنى ھېس قىپتۇ.

بوۋاي بۇ مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھىجرانغا ئايلان-
غانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. بوۋاي قىينىلىدىكەن. بىرەر قېتىم بول-
سىمۇ دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ «جېنىم دادا!
يالغۇز دادا! مەن سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن» دېيەل-
مىگەنلىكىگە، سەكرات پەيتىدە يالغۇز دادىسىنىڭ ئورۇق
قوللىرىنى تۇتۇپ ئىلگىرى سۆيۈپ باقمىغان ئورۇق يۈزلى-
رىگە قانغۇدەك سۆيۈپ ھەمراھ بولالمىغانلىقىغا، ئۇنىڭ بې-
شىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئۇزىتىپ قويالمىغان-
لىقىغا پۇشايمان قىلىدىكەن.

ھاياتىدىكى پۇشايمىنى پەقەت مۇشۇكەن.

ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولسا دادىسىنىڭ ئۆزىدىن
تۇمەنمىڭ رازى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ياخشى
كۆرىدىغان ئوغلى ئۈچۈن بۇ ئالەمنىمۇ، ھەتتا جىنىنىمۇ بې-
رىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

دادىسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى قىياپىتى
بوۋاينى ئۇۋۇلاپ تاشلايدىكەن. دادىسىنىڭ كۆزىدىكى شۇ
نەچچە تامچە ياش كەلكۈنگە ئايلىنىپ بوۋاينى تۇنجۇقتۇ-
رىدىكەن. دادىسىنىڭ «ئوغلۇم مېنى ياخشى كۆرمەيدى-
كەن» دەپ كەتكەنلىكىگە، نامرات تاۋۇتنىڭ ئالدىدا
ھېچكىم ماڭمىغانلىقىغا ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىلا ئەمەس، ئۆل-
گەندىمۇ يالغۇز قالغانلىقىغا ئۈنسىز يىغلايدىكەن.

بوۋاي ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا دادىسىدەك ياتالماپتۇ.
چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا دادىسىنىڭ كونا يوتقىنى يوق
ئىكەن. دادىسى بولسا بالىسىنىڭ يۈگىكىنى پۇراپ، ئوغلى-
نىڭ يوتقىنىغا قارىغىنىچە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما بوۋاي-
نىڭ پۇرىغۇدەك ھېچنېمىسى قالماپتۇ، قارىغۇدەك ھېچنېمە-
سى قالماپتۇ. پەقەت ئاخىرقى دەملەردە باللىقتا قالغان مۇ-
ھەببەتنىڭ ھەسرىتىلا قاپتۇ، شۇنداق قىلىپ مۇھەببەتلىك
ھەسرەتلەر بىلەن ئاخىر بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

يۇرتتىكىلەر ئۇنى داغدۇغا بىلەن كاتتا ئۇزىتىپتۇ، نا-
مىزىغا مىڭلىغان ئادەملەر قاتنىشىپتۇ، ئۇنىڭ ئەلگە قىلغان
خىزمەتلىرىنى باھالاپ «كاتتا ئادەمتى» دېيىشىپتۇ.

ئەمما بوۋاي ئاخىرقى تىنىقىدا، دادىسىنىڭ ھەقىقەتەن
كاتتا ئادەملىكىنى ھېس قىپتۇ. قىلغان بارلىق ياخشى ئە-
مەللىرىنى دادىسىغا بېغىشلاپتۇ. نەزىر - سەدىقىلەر قىلىپ
ياش كەتكەن مەزلۇم ئانىسى ۋە يالغۇز كەتكەن بىچارە
دادىسى بىلەن جەننەتنىڭ ئىشىكىدە ئۇچرىشىپ قېلىشنى،
ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر نەچچە قەدەم بولسىمۇ مېڭى-
ۋېلىشنى خۇدادىن تىلەپتۇ.

---

ئاپتور: قومۇل شەھەر شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق
كەنتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىمجان توختى ئۇيغۇر

# «جۇڭگودا ئىسلام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2012-يىلى 12-ئاينىڭ 1-، 2-كۈنلىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتى باشچىلىقىدا «جۇڭگودا ئىسلام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چېن شۆۋرېن خەلقئارا تەتقىقات مەركىزىنىڭ زالىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان «كىنان رىفاي ئىسلام تەتقىقاتى لېكسىيەسى» قاتارىدىكى 2-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدۇر.

ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقىلىپ يەرلىكلىشىش ۋە مىللىيلىشىشنى تاماملاش جەريانىدا مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى «ئىسلامىيەت ۋە كۇڭزىچىلىق» ۋەكىللىكىدىكى مۇتەپەككۇرلار تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، «ئىسلامىيەت ۋە كۇڭزىچىلىق» ئىدىيەسى جۇڭگو ئەنئەنىۋى ئىدىيە خەزىنىسىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم مەزمۇنى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيا ئىسلام ئىدىيەسىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇڭلاشقا مەزكۇر تەتقىقات ساھەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتى 2012-يىلى 6-ئاينىڭ 9-، 10-كۈنلىرى «ئىسلامىيەت ۋە كۇڭزىچىلىق دۇنيا قارىشى بىلەن جۇڭگودىكى ئىسلام تەتقىقاتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى قىممىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ قېتىم ئېچىلغان يىغىن ئارقىلىق ئىسلامىيەت ۋە كۇڭزىچىلىق دۇنيا قارىشى بىلەن جۇڭگودىكى ئىسلام تەتقىقاتىغا ئالاقىدار ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەتلەر دىيالوگى ۋە ئوخشىمىغان دىنلار، جايلار، ھازارەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا قوشۇلۇشقا كەڭ قورساق بولۇش ئىدىيەسىنى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

ئاندىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى قوغداش ۋە قۇرۇپ چىقىشتەك ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا پارلاق مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىنغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش، تولۇقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللەندۈردى. بۇ قە-

مەجلىسلەر بىمزىدە مەدەنىيەتنىڭ گېپى

دىمې ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر قاتارلىق غەربىي يۇرت-
تىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيە-
تى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئېتىكىسى، پەلسەپىسى ۋە دىنى قاتارلىق
تەرەپلەردىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە
غەربىي يۇرتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بىلىم خەزىنىسى ۋە
روھىي ئوزۇقى، شۇنداقلا مىللەتلەر مەدەنىيەت خەزىنىسىد-
كى ئۆزگىچە بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نۇرلۇق گۆھەر-
دۇر. شۇڭلاشقا، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى، جۈملىدىن
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى
بىلەن جۇڭگودىكى كۇڭزىچىلار ۋەكىللىكىدىكى ھەرقايسى
مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشنى
ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولو-
گىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتى مەخسۇس يىغىن تەشكىل-
لەپ، بۇ قېتىملىق يىغىننى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىملىق يىغىنغا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنى-
ۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئىجتى-
مائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقى-
قات ئورگانلىرىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتچىلىرى
بولۇپ 30غا يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان مۇتە-
خەسسىس، ئالىملار غەربىي يۇرتتىكى ئىسلام دىنىنى چۆرىدە-
گەن ھالدا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكە-
لەردىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇ-
رۇش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھەققىدە نۇقتىلىق مۇھا-
كىمە ئېلىپ باردى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلە-
رى ئالىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ
ئۆمۈرلۈك پىروفېسسورى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقى-
قاتچى پىروفېسسورى دۇ ۋېيمىڭ (杜维明) ئەپەندى
تەبرىك سۆزىدە ئالىملارنىڭ يىغىنغا قاتناشقانلىقىنى قىزغىن
قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يىغىن مۇھاكىمىسىگە
تولۇق قاتناشتى. يىغىن «مەخسۇس تېمىدا پىكىر بايان
قىلىش»، «ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام»، «پەلسەپە ۋە دىن»،
«تارىخ ۋە رېئاللىق»، «مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر»، «سوپىزم
مەخسۇس تېمىسى»، «مەخسۇس تېما تەتقىقاتى» قاتارلىق
يەتتە تېما بويىچە جەمئىي سەككىز باسقۇچ مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىلدى.

يىغىن باشلانغاندىن كېيىن، دۇ ۋېيمىڭ ئەپەندى
تەبرىك سۆزىدە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن
بۇيان ئىزچىل ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان تەتقىقات تېمىسى «كۇڭ-
زىچىلىقنىڭ زامانىۋىلاشقان ئۆزگىرىشلىرى ۋە مەدەنىيەتلىك
جۇڭگو ئۈستىدە تەتقىقات»نى تونۇشتۇردى. دۇ ۋېيمىڭ ئە-
پەندى يەنە جۇڭگودا كۇڭزىچىلىق، بۇددا، تويىن قاتارلىق
«ئۈچ دىننى بىرلەشتۈرۈش» بولۇپلا قالماستىن، بۇ «بەش
دىن» (بۇددا دىنى، كۇڭزىچىلىق دىنى، تويىن دىنى، خىرىس-
تىيان دىنى، ئىسلام دىنى)غا كېڭەيتىش كېرەك. چۈنكى، نېس-
تورى دىنى بىلەن ئىسلام دىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن
باشلاپ جۇڭگوغا كىرگەن دەپ قارىدى؛ ئىككىنچىدىن دۇ
ئەپەندى كۇڭزىچىلىق تەتقىقاتىدىكى ئۈچ قەرەللىك ئىدىيە
تەتقىقاتىنى شەرھلەپ چۈشەندۈردى ھەمدە كۇڭزىچىلىقنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتى، ھىندى مەدە-
نىيىتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئە-
چىگە ئالغان كەڭ كۆلەمدىكى مەدەنىيەتلەر سۆھبىتى ئېلىپ
بېرىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى؛ ئۈچىنچىدىن، دۇ ئە-
پەندى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىسلام دىنى بىلەن كۇڭزى-
چىلىق دىنى ئارىسىدىكى دىيالوگلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي
تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئىسلام دىنى
بىلەن كۇڭزىچىلىق دىنى ئارىسىدىكى دىيالوگلار 1993 ـ
يىلى باشلانغان بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۇڭزىچە-
لىق، ئىسلام قاتارلىق ساھەلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان
مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن
ئېچىلغان يىغىن جەريانىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ بىر
ياخشى باشلىنىش بولۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن كۇڭزىچىلىق
دىنى سۆھبىتى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بارلىققا كېلىپ، جۇڭ-
گودا ياخشىراق تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا دۇ ئە-
پەندى مەدەنىيەتلەر دىيالوگىغا ئالاقىدار ئىلمىي ئەمگەك ۋە
تۆھپىلەرگە داۋاملىق مەدەت بېرىش مەقسىتىدە ئىلگىرى ـ
كېيىن بولۇپ، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر
تەشكىلاتى، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نەنجىڭ، كۈنمىڭ،
يىنچۈەن قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنى ۋە كۇڭزىچىلىق
دىنى ئوتتۇرىسىدا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى
ئېيتتى؛ تۆتىنچىدىن، دۇ ئەپەندى مەدەنىيەتلىك جۇڭگو چۈ-
شەنچىسى دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، ئىككى قىر-
غاقتىكى ئۈچ رايون، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جۇڭ

گولۇقلار مەھەللىسى، ئۇزاقتىن بېرى جۇڭگوغا غەمخورلۇق قىلىۋاتقان ۋە جۇڭگو بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان هازارەتشۇناس ئالىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ كېيىنكىلەرنىڭ خەلقئارادىكى «جۇڭگو ئوبرازى» چوڭ دەرىجىدە شۇلار تەرىپىدىن شەكىللەندۇرۇلۇپ، «شەكىللەندۇرۇلگەن»، «ئىسپاتلانغان» ھالەتتە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىدى؛ بەشىنچىدىن، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى خۇيزۇلار ۋەكىللىكىدىكى خەنزۇ تىللىق مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش كېرەك، بۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى مەنىۋى هازارەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى نامايان قىلىپ بەردى. دۇۋېيمىڭ ئەپەندى پىكىرلىرىدە پۈتۈن دۇنيانى كۆڭلىدە قويۇپ تۇرۇپ نەزەر سالىدىغانلىقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پروفېسسور ئازات سۇلتان (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى) «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئىناقلىق ئىدىيەسى» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى دىنىي قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ بەردى: (1) شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن دىنىي ئالاھىدىلىك زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. تارىخىي ئەسىرلەردىمۇ دىن بىلەن مەدەنىيەت سۇ بىلەن سۈت قوشۇلغاندەك ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ئىدىيەۋى ئېڭىمىزدىمۇ ۋە باشقا تەرەپلەردىمۇ ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا ئالاھىدىلىكلىرىمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. (2) ئەدەبىي مىراسلار ھەرقايسى مەدەنىيەتلەر كاتېگورىيەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئەدەبىيات تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. (3) هازىرقى تەتقىقات يۈزەكى ھالەتتە چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمايۋاتىدۇ. (4) شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قايتىدىن تونۇشىمىزغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى. (5) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەمەلىي مەسىلىلەر مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ، بىر سەپتىكىلەر مىللەت ۋە دىن تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. (6) 19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى ئاقارتىش ھەرىكىتى تەپەككۇر، ئىدېئولوگىيە ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرگە زور قوزغاتقۇچ كۈچ ئېلىپ كەلدى. ئىسلامنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىدىيەۋى ئېقىملارنى ئىسلاھ قىلىش، يېقىنقى زامان ئىسلامىيىتىدىكى تۆرلۈك دىنىي ئىدىيەلەر، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرى، جەمئىيەتتىكى ئىنقىلابىي پىكىر ئېقىملىرى، ئىلمىي دېموكراتىيە پىكىر ئېقىمى قاتارلىقلار شىنجاڭغىمۇ ئورتاق تەسىر كۆرسەتتى. (7) بىز تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى كېڭەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. (8) ئىلمىي تەتقىقاتلار رېئال جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: مائارىپ تارماقلىرىدا ئىجتىمائىي پەن بازىلىرىنى قۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات بازىسى قۇرۇش، تەتقىقات پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار. رېئاللىق ئىلمىي ساھەلەرنىڭ ئالدىنقى ئېھتىياجى بولغاچقا، پروفېسسور ئازات سۇلتان ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ۋە خىزمەت تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ئېلىپ باردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۈرتى)نىڭ مۇدىرى، تەتقىقات يۈرتى باشلىقى، پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى) «تىل ھادىسىلىرى نۇقتىسىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» دېگەن تېمىدا لوگىكىلىق كۈچلۈك بولغان تەتقىقات دوكلاتى بېرىپ، تىل ھادىسىسى نۇقتىسىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) نېمە ئۈچۈن ئەرەب ـ پارس تىلىنىڭ

ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭراق؟ نېمە ئۈچۈن
دىن تىلى روھىيىتىمىزگە ۋە دىلىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ (2)
تىل مەدەنىيىتىدىكى «پارسگۈيلۇق»، «ئەرەبگۈيلۇق» قا-
تارلىق تارىخىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن
خۇلاسىلەپ چىقىپ، تەتقىقاتنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش،
چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا. (3) تىل مورفولوگىيەلىرىدىن
كىرمە سۆزلەر، لۇغەت تەركىبى تۇراقلىقلىقى، ئوخشاش مەنە-
لىك سۆزلەر، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى قاتارلىق-
لارنى مۇھاكىمە قىلدى. پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا بىر
مىللىي مەدەنىيەت ئالىمى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، ئوچۇق-
يورۇقلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزىتىشلىرى، مۇلاھىزىلىرى،
مىللىي ھېسسىياتى ۋە چىن قەلبىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئىلمىي
پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى.

«ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام» مەخسۇس تېمىسىدا ئابدۇكې-
رىم راخمان (ئاپتونوم رايونلۇق «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-
ئەدەبىياتى» نۇقتىلىق پەنلەر يېتەكچىسى) ۋە ئابدۇبەسىر
شۈكۈرى (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە
ئىنستىتۇتىنىڭ سېكرېتارى) ئايرىم-ئايرىم ھالدا «زامانىمىز-
دىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دىنى» ۋە «ئىسلام دىنىدىكى
ئەخلاق تەلىماتلىرى ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىلاردا
سۆزلەپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر
كۆرسەتكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلدى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم
راخمان دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلغىلى 1000 يىلدىن ئېشىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا
ئايلاندى. شۇنداق بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا
يۈزلەنسەك، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيە-
تىدە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا دائىم بەك قاتتىق ياكى بەك
يۇمشاق ۋاستىلىك بولۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللار يۈز بەردى.
ئۇ ئاساسلىق قىلىپ بىر قانچە تەرەپلەردىن ئۆزىنىڭ كۆز قا-
راشلىرىنى بايان قىلدى: (1) بەزى ۋاقىتلاردا دىنىي زاتلارنىڭ
قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلىرى ۋاقتىدا چەكلەنمىگەچكە، دىنىي
پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشكە توغرا كەلدى. (2) 16 - ئەسىردىن كېيىن، بىر قىسىم
سوپى - ئىشانلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭ (ئاساسلى-
قى جەنۇبىي شىنجاڭ)غا كېلىپ، مەزھەپلەر كۈرىشى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي
تەرتىپلىرىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن
(بولۇپمۇ 1952-، 1953 - يىللار) ھۆكۈمەت بىر مەھەل سوپى
- ئىشانلارنىڭ جېدەللىرىنى ئومۇميۈزلۈك توسقانىدى. شۇن-
داقتىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوپى - ئىشانلار قايتىدىن
جانلىنىپ كەتتى. بۇ مۇقەررەركى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ بۆلۈ-
نۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (3) دۆلەت ئىچىدە جۇڭگودى-
كى ئىسلام دىنىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلاشقان تەت-
قىقات كەمچىل بولغاچقا، مۇكەممەلرەك بولغان تەتقىقاتچىلار
قوشۇنى شەكىللەنمىدى. (4) پۈتكۈل جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ
كەڭ ياشلار ئارىسىدا ماركسىزملىق دىنىي كۆز قاراش ئومۇمە-
يۈزلۈك قانات يايدۇرۇلمىدى. (5) نورمال دىنىي پائالىيەتلەر
بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چېگراسى ئىلمىي پەرق-
لەندۈرۈلمىگەچكە، «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» دېگەن بۇ
ئۇقۇم مىللىي قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇپ قالدى. (6) بەزى تە-
رەپلەردە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرد-
گە ئىگە ئاممۇۋى پائالىيەتلەر پەرقلەندۈرۈلمىگەچكە زەربە
بېرىش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى. مەسىلەن: ئۇيغۇر قىز - ئا-
ياللىرىنىڭ ياغلىق ئارتىشىغا، ئەرلەرنىڭ ساقال - بۇرۇت
قويۇپ، دوپپا كىيىشىگە يول قويماسلىق، قۇربان ھېيت
روزى ھېيت نامىزىغا قاتنىشىشقا يول قويماسلىق، روزا تۇ-
تۇشقا يول قويماسلىق، ھەتتاكى ئۆزئارا سالاملاشقاندا «ئەس-
سالامۇئەلەيكۇم» («ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەن مەنىدە
) دېيىشكىمۇ يول قويماسلىق قاتارلىقلار. خەلق ئارىسىدا ئال-
لىقاچان ئەنئەنىگە ئايلانغان بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر دىنىي پائالى-
يەتلەر دەپ قارالدى ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ، بىر خىل ئىچكى
قارشىلىق كۆرسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. (7) ئىسلام دىنى
ئەخلاقى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-
ئارا مۇناسىۋەت ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تولۇقلاش رولى
ئىلمىي چۈشەندۈرۈلمىدى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان
دوكلاتىدا، گەرچە ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى مىسلىسىز تە-
رەققىيات ۋە گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىدا
بايان قىلىنغان سەلبىي ئامىللارنىڭ ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ
ھالقىما تەرەققىياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېئال مە-
سىلىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. پروفېسسور ئابدۇبەسىر
شۈكۈرى دوكلاتىدا مۇنۇلارنى دېدى: جۇڭگودا ئۇيغۇر،

خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ،
سالار، باۋئەن قاتارلىق ئون ئاز سانلىق مىللەت ئىسلام دىنى-
غا ئېتىقاد قىلىدۇ. گەرچە ئىسلام دىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دىن باشلاپ جۇڭگوغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزدى-
كى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارى-
خى بىردەك ئەمەس. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغىنىمىز-
دا، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر
ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە سالار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلغىنىغا بىر قەدەر ئۇزاق بولغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار
مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان، تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى قا-
راخانىلار خاندانلىقى ئوردىسىدىكى خادىملارغا تارقالغان.
ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىدىكى نو-
پۇزلۇق شەخسكە ئايلانغان. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلى-
غاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى 1000
يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان. شۇنداقلا، 1000 يىلدىن
بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىقلار
ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەخلاق
تەلىماتلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى
بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ئەخلاق تەلىمات مەسىلىلىرى
«قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ، دىنىي ئەقىدىلەر، شەرى-
ئەت قاتارلىقلاردا نۇقتىلىق قىلىپ بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر ئا-
لىملىرى 11 ـ ئەسىردىن تاكى ھازىرغىچە ئەخلاق تەلىماتلىرى-
غا مۇناسىۋەتلىك ئاز بولمىغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى
يازغان، مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»،
«قابۇسنامە» قاتارلىقلار. بۇ كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق تەلىماتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يې-
تەكچىلىك رول ئوينىغان. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئاساسلىقى ئا-
دىمىيلىك، خەير ـ ساخاۋەت، سەۋر ـ تاقەت، ئىتائەت، ئىستى-
قامەت، ئەيۋەچانلىق قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىسلام مەدەنىيىتى-
نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن كونكرېت تەسىرىنى
شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

«پەلسەپە ۋە دىن» مەخسۇس تېمىسىدا، بېيجىڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتى پەلسەپە ئىنستىتۇتى دىن فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى شا
زۇڭپىڭ (沙宗平) ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-
سى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى
رەيھان قادىر ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن كۆكىرىچىلار مەدەنىيە-
تىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن بى-
لىشتۈردى. دوتسېنت شازۇڭپىڭ «ئىسلامدىكى تەۋھىد نەزە-
رىيەسى ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى تەڭرى (ئىلاھ)
قارىشى» تېمىسىدا مۇنداق دوكلات بەردى: جۇڭگونىڭ قە-
دىمكى زاماندىكى تەڭرى (ئىلاھ) قارىشىنىڭ ۋەزىيىتى بىر
قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، پىكىرلىرىدە ئاساسلىقى «نەزمە-
نامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك تېكىستلەرگە ئاساسەن تەھلىل
ئېلىپ باردى. شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، پىكىر بايان
قىلىپ، «نەزمنامە»دىكى ئۆزى مۇھاكىمە قىلغان قىسمەن تې-
كىستلەر ئارقىلىق مۇنداق ئىككى نۇقتىغا ئېرىشكەنلىكىنى
دېدى: (1) بۇ دەۋردىكى «ئىلاھ»، «خۇدا» ياكى
«تەڭرى» دېگەن بۇ ئۇقۇملار بىر ئىلاھچىلىق ياكى كۆپ
ئىلاھچىلىقنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلمە-
گەن بولۇپ، بۇ بەلكىم شېئىر تىلىنىڭ ھەددىدىن زىيادە
ئاددىي بولۇشى ھەمدە نەزمنامەنىڭ مەخسۇس دىنىي ئەسەر
بولمىغانلىقىدا بولسا كېرەك. (2) مەيلى «ئىلاھ»، «خۇدا»
ياكى «تەڭرى» بولسۇن ھەممىسى ئىرادىگە ئىگە بولۇپ،
مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئېلىپ بارالىغان. دوتسېنت شازۇڭ-
پىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە «نەزمنامە»نىڭ كونكرېت چۈ-
شەندۈرۈشلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
قەددەسلىك خاراكتېرىنىڭ قاتلاملىرىدا ئوخشىشىپ كېتىدىغان
بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى-
دەك ئېھتىماللىقنى شەرھلەپ چۈشەندۈردى. تەتقىقاتچى
رەيھان قادىر «دوستلۇق يولى ۋە مۇرەسسە يولى ـــ ‹قۇتاد-
غۇبىلىك›تىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدىيەسى بىلەن
‹ماداراچىلىق›تىكى كۆكىرىچىلار مەدەنىيىتى سېلىشتۇرمىسى»
دېگەن تېمىدا ئىككى چوڭ كىلاسسىك ئەسەرنى شەرھلەپ
چۈشەندۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» بولسا ئۇيغۇر ئالىمى
يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019ـ 1085) يازغان دىداكتىك
داستان بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى ئاسا-
سىي مەقسەت قىلغان ھالدا پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرگە قانداق
قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرۇلۇق پەند ـ
نەسىھەت قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىدە كەسىپ-
لەرگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ، كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدى-
غان غايىۋى مەنزىل ۋە ھەرىكەت مىزانى، چەكسىز مېھىر ـ

مۇھەببىتى، ئادىل ۋە خالىس كۆڭلى ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئۈمىد-
لەرگە سەۋرچان بولۇش ۋە مۇۋاپىق تاللاش. تۈرلۈك كە-
سپلەرنى قوغداپ، بارلىق جانلىقلارغا ياردەم بېرىش؛ ئىناق
تۇرمۇش، مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئەمەلىي تەلەپلەر-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناقلىق
بوستانىغا بارىدىغان داغدام يولغا چىقىش تەكىتلەنگەن. «مادا-
راچىلىق»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى «يۇسۇپنامە»دىكى بىر
پارچە بولۇپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېڭ خاۋ
ۋە چېڭ يىنىڭ قەدىرلىشى بىلەن كۆڭزىچىلارنىڭ كىلاسسىك
ئەسىرىگە ئايلانغان. «ماداراچىلىق» كۆڭزىچىلارنىڭ ھەرد-
كەت مىزانى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھەل قىلىش، ئادەملەر
بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇشلارنى
پەسەيتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوت-
تۇرىسىدىكى مەنپەئەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، جەمئىيەت-
نىڭ ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭ-
دىن باشقا ئۆزىدە كامالەت يېتىلدۈرۈش، ئۆلىمالارنى ھۆر-
مەتلەش، ئۆز مىللىتىگە كۆيۈنۈپ، ۋەزىرلەرنى ھۆرمەتلەش،
ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ پۇقرالارغا كۆيۈنۈش، ھۈ-
نەرۋەنلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار-
نى ئوبدان كۈتۈپ، بەگلەرنى خاتىرجەم قىلىش قاتارلىق
كونكرېت نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق خاتىر-
جەم، ئىناق بولغان جەمئىيەتكە يېتىشتەك غايىۋى مەنزىلمۇ
مەقسەت قىلىنغان. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «ماداراچىلىق»
دەل مۇشۇ جەھەتلەردىن نۇرغۇنلىغان سېلىشتۇرۇشچانلىققا
ئىگە. تەتقىقاتچى رەيھان قادىر «قۇتادغۇبىلىك»قا ئاساسلى-
نىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى پارچە ئەسەردىكى مۇرەسسەچىلىك
بىلەن دوستلۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيەلەرنى كونكرېت ۋە
تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەردى.

«تارىخ ۋە رېئاللىق» مەخسۇس تېمىسىدا، جۇڭگو ئىج-
تىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ
كاندىدات تەتقىقاتچىسى لى لىن (李林) بىلەن دىلمۇرات
ئۆمەر (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەت-
شۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى) ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى
ئىسلام دىنىدىكى يېڭىچە پىكىر ئېقىملىرى ۋە يېڭىچە ھادىسى-
لەرنى بايان قىلدى. كاندىدات تەتقىقاتچى لى لىن «زامانىمىز-
دىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەلئارا جەمئىيىتىدىكى يېڭىچە
پىكىر ئېقىملىرى ۋە يېڭىچە ھەرىكەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى
تەھلىل» دېگەن تېمىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى جۇڭگو مۇ-
سۇلمانلىرى ئەلئارا جەمئىيىتىدە مەيدانغا چىققان، تەسىرى
چوڭراق بولغان بىر قانچە خىل ئىدىيە ئېقىمى ۋە ھەرىكەتلە-
رنى تاللاپ تۇرۇپ، مۇشۇلار ئارقىلىق ھازىرقى جەمئىيەتتە-
كى تۈرلۈك رىقابەتلەر ئاستىدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەلئارا
جەمئىيىتىدە بۇرۇنقى بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدىغان قانداق يې-
ڭىچە ھادىسىلەر ۋە يۈزلىنىشلەر كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەن-
دۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى
شۇكى، ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ بىر قانچە خىل يېڭىچە ئىدد-
يە ئېقىملىرى ۋە يېڭىچە ھەرىكەتلەر تازا گۈللىنىپ ھەتتاكى
بەزىلىرى مۇنازىرىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا بېرىپ بولغان.
بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار ئەلئارا
جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ زور توسقۇنلۇق ۋە يەكلەش-
كە ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا بۇلارنى «كىچىك ئەنئەنىلەر ئىچە-
دىكى كىچىك ئەنئەنە»، «ئەل ئارىسىدىكى ئەل»،
«گىرۇھ ئىچىدىكى گىرۇھ» دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن.
لېكىن بۇ كىچىك ئەنئەنىلەرمۇ چوڭ ئەنئەنىلەرگە تەسىر كۆر-
سىتىشى، ھەتتاكى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ دائى-
رىسى چوڭ بولمىسىمۇ، بىراق ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خۇسۇ-
سىيەتلەرگە ئىگە يېڭىچە ئىدىيە ئېقىملىرى ۋە يېڭىچە ھەرد-
كەتلەر نۆۋەتتىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان
ئەڭ جىددىي مەسىلىلەرنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيلا قالماس-
تىن، ئۆزىدىمۇ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسىدىكى
تەرەققىيات يۆنىلىشىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىرلەر-
نى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. كاندىدات تەتقىقاتچى لى لىن
خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ئەلئارا جەمئىيىتىدىكى بىر قانچە ئىدىيە
ئېقىملىرى ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلە-
رىنى ئاساسلىق قىلىپ بايان قىلدى. پروفېسسور دىلمۇرات
ئۆمەر «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن
تېمىدىكى دوكلاتىدا شىنجاڭدا ھازىر ئىسلام دىنى، بۇددا
دىنى، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پىراۋوسلاۋىيە دىنى
ۋە توپىن دىنى قاتارلىق ئالتە خىل دىن بارلىقىنى ئېيتتى. (1)
سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ
«بەش ئوبيېكت» (دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما، پائالىيەت
مەيدانى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاز سانلىق
مىللەت ئېتىقادچىلىرى، دىنىي پائالىيەتلەر)نى يىغىنچاقلىۋاتا-

دى. (2) شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى: دۆلەتمىزدىكى دىنلار «بەش خۇسۇسىيەت»كە ئىگە بولۇپ، ئامموۋىلىق، مىللىيلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك، خەلقئارالىق، مۇرەككەپلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ «بەش خۇسۇسىيىتى» گەۋدىلىكرەك بولۇپ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. (3) شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى: ① دىننىڭ ماھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي رولى. دىنىي مەسىلىلەرنىڭ يادروسى ئېتىقاد مەسىلىسى بولۇپ، دەرىجىدىن تاشقىرى تەبىئىي شەيئىلەرگە ئېتىقاد قىلىش ۋە چوقۇنۇشقا قارىتىلغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر ئىدىيە تونۇش مەسىلىسىدۇر. ② ئىسلام دىنىدىكى بەزى كۆز قاراش ۋە مەزمۇنلار توغرا ئەمەستەك شەرھلەنگەن ۋە يېتەكلەنگەن بولغاچقا، ئاسانلا سەلبىي تەسىرلەر كېلىپ چىققان. پىروفېسسور دىلمۇرات ئۆمەر ئاساسلىقى يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا ئارقىلىق شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىكى مەسىلىلەرنى بايان قىلدى.

«مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر» مەخسۇس تېمىسىدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى نۇرمۇھەممەد توختى (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى، مەدەنىيەتلەر دىيالوگى، دىنلارنىڭ ئىناقلىق مەسىلىسى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلدى. پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن «كۇلتۇرەل توپلار مۇناسىۋىتى ۋە دىيالوگ ئېڭى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا مۇنۇلارنى بايان قىلدى: (1) مەدەنىيەتلەر دىيالوگى ئوبيېكتىپ، ھەققانىي ۋە باراۋەر بولۇشى كېرەك. (2) مەدەنىيەتلەر دىيالوگى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىيالوگ بولۇش بىلەن بىللە، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدىغان دىيالوگدۇر. (3) كۇلتۇر (ھازارەت) ھەم ئەقلىي پائالىيەت ھەم ھېسسىي پائالىيەتتۇر. (4) تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، كۇلتۇرەل دىيالوگ (مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دىيالوگ) ئامموۋى قاتلامدىكى تۇرمۇش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ ئاۋامنىڭ غۇرۇر، ئۈمىد، شان - شەرەپ، غەزەپ - نەپرەت، مۇھەببەت قاتارلىق كونكرېت ھېسسىياتى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئابدۇقادىر ئەپەندى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى مۇنۇ نۇقتىلار بويىچە كۆرسەتتى: ① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىسلام كۇلتۇرى (ھازارىتى) بىلەن كۆڭزى كۇلتۇرى (ھازارىتى) ئوتتۇرىسىدا يېتەرلىك چۈشىنىش يوق. ② ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ھامان سەزگۈر مەسىلە بولۇپ، تۇزۇك قولغا ئېلىنمىدى. ③ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار گەپ - سۆزلەردە ئۇيغۇر بىلىم ئادەملىرىنىڭ ئاۋازى يوق. پىروفېسسور ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زىيالىيلار (بىلگەنلەر)نى ئىتالىيەلىك ئانتونى گىرامشىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىيدۇ: ① ئەنئەنىۋى تۈستىكى مەھەللىۋى زىيالىيلار، ئىماملار، قارىلار، يۇرت كاتتىلىرى مۇشۇ تۈركۈمگە تەۋە بولۇپ، جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ② ئورگان زىيالىيلىرى، بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك ئورگانلىرىغا قويۇلغان مائاشلىقلار تۈركۈمى بولۇپ، ھازىرقى شارائىتتىكى ئاساسىي ئېقىم ئىدىيولوگىيەسىنى بويلاپ مەۋجۇت بولىدۇ. ③ ئاۋام زىيالىيلىرى. بۇ تىپتىكى زىيالىيلار ئاجىز ھالەتتە، ئابدۇقادىر ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىشە كۆزىتىلىش ھالىتىدە تۇرىدىغان پاسسىپ ئىجتىمائىي ئورنىغا خاتىمە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەتلەر دىيالوگىدىكى ئاكتىپ ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى، مەدەنىيەتلەر دىيالوگىغا دائىر ئىلمىي پائالىيەتلەرگە بولغان تونۇشى ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى.

كاندىدات تەتقىقاتچى نۇرمۇھەممەد توختى «جەمئىيىتى خاتىرجەم، دىنلىرى ئىناق بولغان شىنجاڭ» دېگەن تېمىدا تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا دوكلات بەردى: (1) شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. (2) شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئامموۋىلىق، مىللىيلىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك، تارىخىي تىندۇرمىچانلىق، دۇنياۋىلىق قاتارلىقلار. (3) 1949 - يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالتە ساھە: ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مەسچىت ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، دىنىي زاتلارغا ئېتىبار بېرىپ كۆڭۈل بۆلۈش، ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەش، دىنىي كىتاب، ژۇرناللارنى نەشر قىلىش قاتارلىقلار. خۇددى ماقالىنىڭ ماۋزۇسىدا دېيىلگىنىدەك ، ئاپتورنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، شىنجاڭ جەمئىيىتى خاتىرجەم، دىنلىرى ئىناق بولغان شىنجاڭدۇر.

www.uyghurkitap.com

«سوپىزم مەخسۇس تېمىسى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى تاڭ مېڭشىڭ (唐孟生) ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنى ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى (سابىق مۇدىرى) جوۋ شىيفەن (周燮藩) ئايرىم - ئايرىم ھالدا سوپىزمنىڭ پاكىستاندىكى ھازىرقى ئەھۋالى ۋە شىنجاڭغا تارقىلىش ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلدى. پروفېسسور تاڭ مېڭشىڭ بايان قىلغان پىكىرلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) پاكىستاندىكى ئىسلام دىنىنىڭ پاكىستان جەمئىيىتىدىكى ئاكتىپ رولى. (2) بىزنىڭ پاكىستاننىڭ ئىسلام دىنى خىزمەتلىرىنى ھەل قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار خىزمىتىدىكى بەزى سىياسەتلىرىنى ئۆلگە قىلىشىمىز كېرەكلىكى. (3) دىنىي مەكتەپلەردە ساقلىنىۋاتقان ئېھتىياجلارغا ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەكلىكى، ئەمەلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن توغرا تونۇپ يەتكىلى بولىدىغانلىقى. (4) جۇڭگولۇقلارنىڭ پاكىستاندىكى كونكرېت دېلولىرىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، ئىچكى جەريانلارنى تەھلىل قىلىپ، ئىككىلا تەرەپ پايدا ئالالايدىغان تىنچ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەتلەر دىيالوگى ۋە مەدەنىيەتلەر چۈشىنىشىدىكى ئىچكى مەزمۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. (5) چېگرا سىرتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالىغا چوقۇم راستچىللىق بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز ۋە چېگرا ئىچىدە ئىسلام دىنى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پەقەت ئەدەبىي مىراسلارغىلا تايىنىپ ھۆكۈم چىقارماسلىق كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پروفېسسور تاڭ مېڭشىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرادىشى بولغان پاكىستاندىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بايان قىلدى. تەتقىقاتچى جوۋ شىيفەن «سوپىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شىنجاڭغا كىرىشى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ سوپىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شىنجاڭغا كىرىش تارىخىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلدى: (1) ئىسلام دۇنياسىدا شەخسلەرنىڭ دىن تارقىتىشى مەيلى ئىچكى قىسىم ياكى چېگرا رايونلاردا بولسۇن، دائىم تەسەۋۋۇپقا كىرىش ھادىسىلىرى بىلەن ئايرىلالمايدىغان باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ كەتكەن؛ ئۇ يەنە قارا قىتانلار دەۋرىدە يەسسەۋىي تەرىقىتىنىڭ تۈرك قەبىلىسىدە ئوڭۇشلۇق تارقىلىپ، 14 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى قۇرۇپ، 15 - ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ، 16 - ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭ ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسلىق ئىشانلار مەزھىپى، سوپىزم تەرىقەتچىلىرىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. (2) تۈركلەر ئىسلام دىنىغا ئىستېلا قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنى ئۆزلۈكىدىن تاللاپ ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، ئىزچىل چەت رايونلاردىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرت، ھەتتاكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

«مەخسۇس تېما تەتقىقاتى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنى ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جۇنرۇڭ (王俊荣)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرىدىن غەيرەتجان ئوسمان، راھىلە داۋۇت ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى ئادىلجان غاپپار قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبىي يازغان ‹ھېكمەتنامە›نىڭ تەرجىمىسى، تەپسىرى ۋە تەتقىقاتى»، «يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تەكشۈرۈش»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى مازار مەدەنىيىتى» ۋە «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى شامانىزم ھادىسىسى» دېگەن تېمىلاردا سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات ئۇتۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بايان قىلدى. تەتقىقاتچى ۋاڭ جۇنرۇڭ سوپىزمنىڭ جەۋھەرلىك ۋە مەركەزلىك بولغان ئىدىيەسىنى بايان قىلىپ، تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن سوپىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى: (1) مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئەھمىيىتى. (2) تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، نېگىزلىك پىكىرلەر ۋە ئۇسۇللار قاتارلىقلار. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتتىكى كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە مېتودى قاتارلىق تەرەپلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنشۇناسلىق ۋە ئىدىيە تارىخى نۇقتىسىدىن ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى تونۇشتۇردى، شۇنداقلا تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

سوپىزمنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئوبيېكتىپ باھالاش ئاساسىدا دىنشۇناسلىق ۋە ئە-
دىيە تارىخىي نۇقتىسىدىن مەزكۇر كىلاسسىك ئەسەرنىڭ
تەرجىمىسىنى تونۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي ئىلمىي ھالدا تەتقىق
قىلدى. ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇشنى مۇھىم پرىنسىپ
قىلىپ، خەت مەنىسىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ئاتالغۇلارنىڭ ئە-
زاھاتىنى بىرلەشتۇرۇپ، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەردىكى ئە-
دىيەسى ۋە ئۇسلۇبىنى ئىگىلىگەن ئاساستا ئىپادىلەپ بېرىش-
كە ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاساسسىز
يەشمىلەردىن ۋە ئۇزارتىۋېتىشتىن ساقلانغانلىقىنى ئېيتتى.
شۇنداقلا بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالىنىڭ سېلىشتۇرما دىنشۇ-
ناسلىق ئىكەنلىكى، چۈنكى تەسەۋۋۇپ كىلاسسىك ئەسەرلە-
رى بىلەن باشقا بىر قىسىم دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى
ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ دىنلاردا ئورتاق
بولغان مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى-
ـانلىقى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
بەردى. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە «ئىلمىي ئىلاھىيەتشۇناس-
لىق»، «دۇنياۋى ئىلاھىيەتشۇناسلىق»، «دۇنيا دىن پەلسە-
پىسى» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ نىشانى دىنلار-
نىڭ ئورتاق خاراكتېرىنى ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرىنى مۇھاكە-
مە قىلىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۈيۈك بىرلىككە
قاراپ مېڭىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيەسىنى
بېيىتىپ، دۇنيادىكى دىنلار دىيالوگى ۋە مەدەنىيەتلەر ئالمە-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىزنىڭ تەتقىقاتى-
مىزنىڭ ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەھكاملىرىنى
چۈشىنىش ۋە تونۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، تېخى-
مۇ ئېھتىياجلىقى بىر خىل دۇنياغا يۈزلەنگەن تۈيغۇ ۋە
نەزەر دائىرەدۇر. تەتقىقاتلارنىڭ مەقسىتى ئىلاھ بار ـ يوق-
لۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش، ئاللاغا ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەس-
لىك ئەمەس، بەلكى دىنغا ئىشىنىدىغانلار بىلەن دىنسىزلارنى
خەير ـ ساخاۋەتكە يېتەكلەپ، ياخشى ئەمەللەرگە مەپتۇن
قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق نىشانغا يېتىشنى
تەرغىب قىلىش بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىلىم ساھەسى
ۋە دىن ساھەسىدىكىلەرمۇ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلىرىدا
مۇشۇ نىشانغا قاراپ تىرىشىۋاتقانلىقىنى دېدى.

پروفېسسور غەيرەتجان ئوسماننىڭ «يۇقىرىقى قازى-
رىق كەنتىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالى-
سىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) قازىرىق كەن-
تىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تونۇشتۇرغان، بۇلار مەسچىت،
مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى، دىنىي ناملار قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت. (2) نۆۋەتتە كەنتتە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام
دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر. (3) دىنىي
تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى. (4) دىنىي تۇرمۇشتا ساقلىنىۋاتقان
مەسىلىلەر. (5) كەنتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن دىنىي
تۇرمۇشى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر. (6) ئاز ساندىكى كىشى-
لەرنىڭ دىنىي ئېتىقادقا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى يىغىنچاقلى-
دى: ① كادىرلار ئىشلەۋاتقاندا دىنغا ئىشەنمىسىمۇ، پېنسىيە-
گە چىققاندىن كېيىن ئىشىنىدۇ. ② تېنى ساق ۋاقتىدا ئىشەن-
مىسىمۇ، ئاغرىپ قالغاندا ئىشىنىدۇ. ③ يۈزەكى جەھەتتىن
ئىشەنمىسىمۇ، مەخپىي ھالدا ئىشىنىدۇ. ④ ياش ۋاقتىدا ئى-
شەنمىسىمۇ، ياشانغاندا ئىشىنىدۇ. ⑤ بىر مەزگىل ئىشەنمە-
سىمۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنىلا ئىشىنىدۇ. ⑥ ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدا ئىشەنمىسىمۇ، ئۆيىدە ئىشىنىدۇ. ⑦ ئاغزىدا
ئىشەنمىسىمۇ، دىلىدا ئىشىنىدۇ. پروفېسسور غەيرەتجان
ئوسمان بىر قەدەر راستچىللىق بىلەن نۆۋەتتىكى دىنىي ئېتى-
قاد ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئېچىپ
تاشلاپ، قىسمەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشى-
دىكى بىر قانچە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى، جۈملىدىن دىن-
شۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك ئاساسىي
مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

پروفېسسور راھىلە داۋۇت «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادچى-
لىق تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىش شەكلى — مازار مەدە-
نىيىتى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا ئاساسلىقى مۇنۇلارنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى: ئۇيغۇر
خەلقى ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ مەزمۇ-
نى مول. شەكلى خىلمۇخىل ھەمدە مەلۇم دەرىجىدىكى
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تەركىبىگە بىر خىل بەدى-
ئىي ئىچكى مەزمۇن سىڭىپ كەتكەن. بۇ خىل ئوبرازلاشتۇرۇل-
غان بەدىئىي ئىپادىلىنىش شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ مازارغا تاۋاپ
قىلىشىدا ئەڭ تولۇق دەرىجىدە نامايان بولغان. كىشىلەر سىم-
ۋوللۇق بۇيۇملار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلى-
رىنى ئىپادىلىگەن ياكى قاندۇرغان. ئۇنداقتا بۇ خىل ئىپادىلە-
نىش شەكلى زادى قانداق شەكىللەنگەن؟ ئۇ بىزگە قانداق

مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟ بۇ خىل سىمۋوللۇق بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟ پىروفېسسور راھىلە داۋۇت ئاساسلىقى مەلۇم خىل ئېتىقاد قىلىش ۋە مەنپەئەت ئېلىش مەقسىتىدە مازار ئەتراپىغا قويۇپ قويۇلغان ھەر خىل بۇيۇملار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنداقلا مەزكۇر تېمىغا بولغان تەتقىقات بىزنى مازارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بولغان پىكىرلىرىمىزنىڭ يېتىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. راھىلە داۋۇتنىڭ بۇ ماقالىسى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى بىر پارچە نادىر ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، ماقالىدە تۇغ ـ ئەلەم، لاتا، بۆشۈك، لاتا قونچاق، 11 دىنىي مەزھەپ، تاش قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا ئىلتىجا قىلىشى، ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ تاشنى چۆرىدەپ ئۈچ قېتىم ئايلىنىشى (تۇغۇتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيدۇ). مۇھەببەتنىڭ ئوقياسىغا ئېرىشىش، ئايىغى ئاغرىتىۋەتكەن پۇتىنى داۋالىتىش قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر ئارقىلىق نامايان قىلىپ بېرىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا مازار تاۋاپ قىلىشتىكى مول مەزمۇنلارنى ۋە رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا لېكتور ئادىلجان غاپپار «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى شامانىزم ھادىسىسى» دېگەن تېمىدا مۇنداق دوكلات بەردى: 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادچىلىقى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، شامان دىنى قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئېتىقادى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ئەھكام ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىرىكىپ ئىسلام دىنىغا يەرلىكلىشىپ،ئۆزىگە خاس ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندۈردى. كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يەنىلا شامان دىنى قاتارلىق بىر قىسىم ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئېتىقادى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شامان مەدەنىيىتىنىڭ بۇ قالدۇقلىرى ئارقىلىق شامانغا ئىخلاس قىلىش، پال ئاچقۇزۇش، شامانلارغا كېسەل داۋالىتىش، پېرىخونلۇق، ھەر خىل سېھىرگەرلىكلەر قاتارلىق ئېتىقادى كۆز قاراش ۋە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) شامان تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. (2) كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىدە يەنىلا شامانلارغا ئىخلاس قىلىدىغان مايىللىق مەۋجۇت. (3) شامان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەم قارىشى، روھ قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق پەلسەپىۋى قاراشلاردا ئورتاقلىق ئامىللىرىغا ئىگە. (4) شامان دىنىدىكى بىر قىسىم مۇراسىملارنىڭ ھەممىسى ئىسلاملىشىپ كەتكەن. تەتقىقاتچىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى بىر قىسىم شامان مەدەنىيىتى ھادىسىلىرىنىڭ يەنىلا كىشىلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك، روھىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيەسى بار. شۇڭلاشقا كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىدە يەنىلا شامان مەدەنىيىتى ھادىسىلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ قېتىملىق يىغىندا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملار جەم قىلدى، شۇنداقلا ياش تەتقىقاتچىلارنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئېتىبار بېرىلدى. يىغىن مەيدانىنىڭ كەيپىياتى جانلىق، مۇلاھىزە جەريانلىرى كەسكىن بولۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار ئىلمىي ئالماشتۇرۇشلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەتلەر دىيالوگى ۋە ئوخشىمىغان دىنلار، جايلار، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىش ئېڭىنى ئۇنۇملۇك گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مۇناسىۋەتلىك لېكسىيە ۋە سېرىيەلىك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى تەشكىللەپ تۇرىدۇ.

ئاپتور: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئالىي تەتقىقات يۇرتىدا

خەنزۇچە ئارگىنال نۇسخىسىغا ئاساسەن **مەمتىلى ئەنۋەر** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى سانائەت قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2010 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

www.uyghurkitap.com




## تەپەككۇر يۇلتۇزلىرى

▲ ھاياتلىق يولىڭىزنىڭ ھەر بىر ئىزناسى سىزنىڭ ئانداق ياشىغانلىقىڭىزنىڭ ئىسپاتى.

▲ ئادەم كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: ئۇ بولسىمۇ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىمىزگە نىمىنىڭ مۇھىم، نىمىنىڭ مۇھىم ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالمىغانلىقىمىزدا.

▲ ئىرىشمەكچى بولغان نەرسە ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك. لېكىن بەدەل تۆلەشتىن ئاۋۋال ئېنىق بىر مۇددىئانى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

▲ ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ ئەينەكتىكى ئەكسىڭگە قارىما، ھەقىقىي ئۆزۈڭنى كۆرمەكچى بولساڭ، باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىڭغا قارا، بىراۋنىڭ ساڭا بەرگەن ھەقىقىي يۈرەك ساداسىنى قوبۇل قىل.

▲ كەمتەرلىك ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ شوتىسى.

**ھەسەن ئاباق**

ئاپتور: شىنجاڭ قاتناش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى يول ترانسپورت 421 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئالدىنقى كىشىلەرنىڭ بەدەل تۆلىشى بىلەن قولغا كەلگەن بولىدۇ.

**تەپەككۇر كۆزى**

▲ كىشى كېسەل بولۇپ قالغىنىدا، ھەممىدىن ئۆزى تارتىۋاتقان كېسەلنىڭ ئازابى قاتتىق دەپ ئويلايدۇ. ئۇ كېسەلدىن ساقىيىپ باشقا كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىلا، ئاندىن ھەممە كېسەلنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

▲ ئۆتمۈشتىكى دەرد - ھەسرەتلىك كۈنلەر تەقدىرنىڭ بىزگە قىلغان سىنىقى، ئالدىمىزدىكى بەخت - سائادەتلىك كۈنلەر بىزنىڭ ئامانىتىمىزدۇر.

▲ گۆھەر توپا ئاستىدا قانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ ئاشكارا بولغاندا شۇنچە بەك نۇر چاچىدۇ.

▲ ھاياتتا تەلەيلىكلەر تەلىيى بىلەن، تەلەيسىزلەر تەجرىبىسى بىلەن، دانالار تەدبىرى بىلەن ياشايدۇ، ھەم شۇنداق ياششى كېرەك.

▲ كىشىلەر ئاغزىدىن «مەڭگۈ» دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلاپ تۇرىمىز، مەڭگۈلۈكى بولمىغان بۇ دۇنيادا نەدىمۇ مەڭگۈلۈك نەرسىلەر بولسۇن.

▲ سەن ماڭا قويغان تېخى تەمى چىقمىغان ئاشۇ بىر پىيالە چايدىن، كىشىلىك ھاياتىنىڭ سەن دەملىگەن ئاشۇ بىر پىيالە چايغا نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم.

▲ سىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىڭىز ئىلگىرى قىلغانلىرىڭىزنىڭ جازاسى ياكى كېيىن كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈندۇر.

▲ پۇل قوش يۈزلۈك مەخلۇق، پۇل سېھىرلەنگەن قەغەز، قارىغانسېرى كۆڭلىمىز ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ، تاپقانسېرى تاپقىمىز كېلىدۇ.

▲ مۇشەققەت تارتىپ ئاققان ھەر تامچە تەر بىلەن گۇناھلار يۇيۇلىدۇ.

▲ باياشاتلىقتا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى ئاسان خىرەلىشىدۇ.

▲ قىز - ئاياللارنىڭ نادان - جاھىللىقلىرى ئۇلارنىڭ كېيىن تۆكىدىغان كۆز ياشلىرىنىڭ قارا سايىسى.

**تۇرغۇن مۇھەممەد**

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە توقسۇ بازار توقسۇ 2 - يول 34 - قورۇدىن.

## سەھرا سەزگۈلىرى

▲ بىر يۇرتتا نىسبەتەن، ئەمەلدار، بايلار ئاش - نانغا ئوخشايدۇ، ئادەم ئاش - نان بولمىسىمۇ، بىر نەچچە كۈن ياشىغىلى بولىدۇ، بىراق ئالىم - زىيالىيلار ساپ ھاۋا بىلەن سۇغا ئوخشايدۇ، ھاۋا بىلەن سۇ بولمىسا بىر كۈنمۇ ياشىغىلى بولمايدۇ.

▲ ھالال پۇل كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، ھارام پۇل ئېتىقادنى بوش قىلىدۇ.

▲ مال - دۇنيانى ئاسان تاپقان ئادەمنىڭ كۆڭلى توقلىشىدۇ، مىجەزى شوخلىشىدۇ، ئاخىر بىرىپ، يا دوختۇرنى، يا تۈرمىنى يوقلىشىدۇ...

▲ خەققە يارىمىغان ئىشىڭ «ھەق»قىمۇ يارىمايدۇ.

▲ پۇل ياردىمى پۇر ياردەم، ئەقىل ياردىمى زور ياردەم.

▲ بىر باينىڭ ۋاپات بولغىنى ئائىلىگە ھازا كەلگىنى، بىر ئالىمنىڭ ۋاپات بولغىنى شۇ ئەلگە ھازا كەلگىنى.

▲ قولۇم - قوشنا، تۇغقانلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن مەۋلەۋى ئالىم، ئىناق ئۆتمىگەن بەدەۋى زالىمدۇر.

▲ ئەمەلگە ئايلانمىغان پىلان - ئىش، خۇمداندا پىشالمىغان كېسەك - خىش.

▲ نادان، پاسىق ئەمەلدارنىڭ قولىغا قالغان ئەل، ھازازۇل ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالغان باللارغا ئوخشايدۇ.

▲ ياخشى تەربىيەلەنمىگەن بالا، ئەۋرەز يولى تازىلانمىغان خالا.

▲ باللارنىڭ ۋاپاسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ شىپاسى.

▲ پۇل - مالنى ئۆزىگە ئىشلىتىش ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر. ئەل - يۇرتقا خەجلەش ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

▲ ئابرۇيغا كۆپ كىتاب يىغقان ئادەم، ئاستىغا بىھېساب ئالتۇن كۆمۈلگەن تاغنى ساقلاپ ياتقان پىخسىق ئادەمگە ئوخشايدۇ.

▲ خەلقنىڭ باھاسى، ھەقىقەتنىڭ باياناتى.

▲ ئاكاڭ قارىغاي دېگەن ئادەم تەقلىدىي ئادەم، كەمتەر كىچىك پېئىل ئادەم ھەقىقىي ئادەم.

▲ ئىلىم ئالىملارنىڭ پاسپورتى، ئۇلار شۇ پاسپورت بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارالايدۇ ۋە ئابرۇيى تاپالايدۇ.

▲ ئاتا - ئانائىنى قاقشاتقىنىڭ، كېيىنكى ھايات يولۇڭغا مىنا كۆمگىنىڭ.

**ئابلىتىپ مامۇت**

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا شا كەنت 1 - مەھەللىدە، دېھقان.

## بىخ سۇرگەن تەپەككۇرلار

▲ كىشىلىك ھايات — ياخشى يېزىلغان ھېكايىگە ئوخشايدۇ. بوۋاقلىقىمىز — تۇغۇلۇش، ئۆسمۈرلۈكىمىز — راۋاج، ياشلىقىمىز — كولمىناتسىيە، ياشانغان ھالىتىمىز بولسا — يېشىمدۇر.

▲ كىشىلىك ھايات ھېكايىسىنى — تەقدىر ئورۇنلاشتۇرىدۇ، شۇ ئادەم ئۆزى يازىدۇ. تارىخ — خاتىرە قالدۇرىدۇ، مانا بۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت.

▲ باشقىلارنى ئالداش ئانچە ئازابلىق بولمىسىمۇ، ئۆزىنى ئالداش تولىمۇ ئازاب.

▲ ھەقىقىي چىن مۇھەببەت — تارىخ سۇرۇشتۇرمەيدۇ.

▲ ئېيپىتى بۇزۇلغان قىز — پەيلىرى توزۇپ كەتكەن توزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاق قۇشقاچ ياخشىراق. ئۇ يەنە توزۇغان گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆكلەپ تۇرغان ياۋا ئوت ياخشىراق.

▲ ئىشەنچسىز مۇھەببەت — يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلمەن دەپ ئاۋارە بولغىنىڭ ئۆلۈكنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتقاندەكلا بىر ئىش، خالاس.

▲ ئاداش — ئاغىنە دېگەننىڭ ياخشىلىقىدىن يامانلىقى كۆپ بولسا، ئۇ ئاداش - ئاغىنە ئەمەس بەلكى دۈشمەندۇر.

▲ ھەسەتتىن غەيۋەت پەيدا بولىدۇ، غەيۋەتتىن ھەسرەت تۇغۇلىدۇ، ھەسرەتتىن نەپرەت تۇغۇلىدۇ. نەپرەتتىن ئۆچ - ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن... دېمەك ھەسرەت، غەيۋەت ئەڭ چوڭ جىنايەت.

▲ ئەگەر دۆلەتنى ئادەمگە ئوخشاتساق، چىرىكلىك ئەيدىزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئەۋج ئېلىپ كەتسە ئادەمنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ.

**ئابدۇراخمان ئابدۇغېنى سەھرايى**

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا لەڭگەر ئېرىق كەنتىدە.

www.uyghurkitap.com

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ بىلىمسىزلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ بىلىملىكلەر سىياقىغا كىرىۋېلىش.

▲ چۈشكۈنلەرگە ئېچىنىش ــــ ئۈلگەنلەرگە قايغۇرۇشتىن ياماندۇر.

▲ يامان خىيالدىن ئىللەت، يامان ئىدىيەدىن ئاپەت تۇغۇلىدۇ.

▲ قەلبكە ئورناشقان ياخشىلىق بەختكە ئاپىرىشنىڭ يول خېتى.

**ئەكبەر رۇسۇل تەۋەككۇل**

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى ئاتلان تىل تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ كۇرسانتى.

## ھېكمەت بۇلاقلىرى

▲ ئۆتمۈشكە قانچە ئۇزاق نەزەر تاشلىسىڭىز، ئالدىڭىزغا شۇنچە ئۇزاق نەزەر تاشلىيالايسىز.

▲ دۇنيانىڭ چوڭ يولى قىستا ـ قىستاڭ بولىدۇ.

▲ مېنى بىر كىم قانچىكى ئەيىبلىسە، شۇنچىكى قەدىسەرلىشىپ كېتىمەن، پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەت ـ بوھتانلار مەن ئۈچۈن قۇۋۋەت دورىسىدۇر.

▲ تۆرمۈش خۇددى پىيازغا ئوخشايدۇ، ھەر قېتىم بىر قاتنى سويغاندا كۆزىڭىزدىن ياش چىقىرىدۇ.

▲ يىگىرمە ياشتا ئىرادە، ئوتتۇز ياشتا ئەقىل، قىرىق ياشتا ھۆكۈمگە تايىنىمىز.

▲ ھايات بىزنىڭ مۇھەببەتلىك خەزىنىمىزنى تولدۇرىدۇ.

▲ بىر ئادەم توختاۋسىز ئىنتىلىپ ياشايدىكەن، قېرىمايدۇ.

▲ مۇھەببەت جەڭگە ئوخشايدۇ، باشلىماق ئاسان، يىغىشتۇرماق تەس.

▲ سۆيگۈ قېرىماس، ئۇ ئەبەدىيلىك يالقۇن ھەم ئۆچمەس نۇرنى قالدۇرىدۇ، دۇنيا شۇڭا مەۋجۇت بولىدۇ.

▲ سۆيگۈ چەكسىز سەۋر، مەڭگۈ ئىشەنچ ھەم ئاجىزلىماس ئۈمىد نۇرىدۇر.

▲ گۈلنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈزۈۋالىدۇ، سۆيگەن ئادەم سۇغۇرىدۇ.

▲ خۇشامەت سۆزلىرى سېغىزغا ئوخشايدۇ، چايناشقا بولىدۇ، يۇتۇشقا بولمايدۇ.

▲ تىل كىچىك بولسىمۇ، بىر شەھەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

▲ رەزىل قەلبنى داۋالايدىغان دوختۇر ــــ تىل.

▲ ھەقنى سۆزلەشنى خالىماسلىق جاھىللىق، ھەقنى بىلەلمەسلىك نادانلىق، ھەقنى سۆزلەشكە پېتىنالماسلىق قۇللۇق.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قەلب گويا بىگىزگە ئوخشاش بىرلا نۇقتىنى تېشىدۇ.

▲ پۇرسەت ئوغرىغا ئوخشايدۇ، شەپىسىز كېلىدۇ، كەتكەندە زىيان جىق بولىدۇ.

## قەلب بۇلاقلىرى

▲ ھۇرۇنلۇق نامراتلىق زاۋۇتىدۇر.

▲ ئالدىراش بولغىن، ئالدىراش ئۆتكىن، بۇ ــــ دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان دورا.

▲ غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىسەڭ ئۇيۇلتاشتىمۇ نەقىش ئىشلىيەلەيسەن.

▲ رىقابەتتىكى ماھىرلىق ــــ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھالقىسى.

▲ ئالغا ئىنتىلىش كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم بۇرچى.

▲ ئالىيجاناب رىقابەت بارلىق ئالاھىدە ئىقتىدارلارنىڭ بۇلىقى.

▲ ئەستايىدىللىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى، بىپەرۋالىق مەغلۇبىيەتنىڭ ھەمراھى.

▲ يۈكسەك پەللىگە يەتمەكچى بولساڭ ئىشنى ئەڭ تۆۋەندىن باشلا.

▲ ئادەمنىڭ ئارزۇسى بىلەن نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدا بىر بوشلۇق بولىدۇ، بۇ يەردىن پەقەت ئۈمىد ئارقىلىلا ئۆتكىلى بولىدۇ.

▲ بىز شان ـ شەرەپ ئىچىدە كۆتۈرۈلىمىز، تەكەببۇرلۇق ئىچىدە چۆكىمىز.

▲ ھۇرۇنلۇق غەيرەتسىزلىك، ئۈمىد ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۈچىنى خورىتىدىغان كېسەللىك.

▲ ئىككى خىسلەت، يەنى شىجائەت ۋە قەيسەرلىك ئىنسانغا ھەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت بەخش ئېتىدۇ.

**ئىمىن ھاشىم**

---

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىتىن.

## ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىقلار

▲ ۋاقىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالمىساڭ ئۇ سېنى ئالدىغا سېلىپ يۈگۈرتىدۇ.

▲ قۇۋلۇق ئالدىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ھامان ئادەمنى قان ـ ياشلىق قىسمەتكە دۇچار قىلىدىغان ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

▲ تاش سانىيالايدىغانلىقىڭدىن مەغرۇرلىنىپ يۈرسەڭ، ئۇنداقتا، قۇم سانىيالايدىغانلارنىڭ قولىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايسەن.

▲ ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بۇرچ ھەم

مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈپ قالغان ئادەم ئەڭ يارىماس، ئەخلەت ئادەمدۇر.

▲ ساڭا ھاجىتىم چۈشكەندىلا ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇقنىڭ پەقەت ئېغىزدىكى دوستلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

**ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا تورغات**

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئوفىتسېر.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تۇترۇقسىز ئۆزگىرىشلەردىن خالىي بول، ئۇ سېنىڭ ئەسلىڭنى يوقىتىدۇ.

▲ ئەخلاق جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىنغان جەمئىيەت مەنىۋىيەت دۇنياسىدىكى ھۆكۈمراندۇر.

▲ ئەگەر باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەكچى بولسىڭىز ئۆزىڭىز ۋە باشقىلاردىن شەكىللەنگەن بىر فورمۇلا تۈزۈپ چىقىڭ.

▲ كۆڭۈلسىز تۇرمۇش — قاناتسىز قۇش.

▲ بىرىنچى قېتىملىق مەغلۇبىيەت — مۇۋەپپەقىيەتكە ئىشارەت، ۋاز كەچكەنلەرگە خىجالەت.

▲ قۇرۇق خىيال تەپەككۇرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.

**مەمەتتۇرسۇن سوپى**

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مائارىپ پەنلىرى شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

▲ بەزىلەر ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىيۇ، ئەمما شەيتاننىڭ رولىنى ئۆزىنىڭ ئېلىپ شۇ گۇناھلىق ئىشلارغا يول قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

▲ ئارىمىزدا بىر ئۆمۈر بىر پارچە كىتاب سېتىۋالمايدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئۆمرى پەقەت يەپ - ئىچىش، كىيىش، ئۆي ياساش بىلەنلا ئۆتىدۇ. سىرتى ھاي - ھاي بولغىنى بىلەن مەنىۋىيىتى پۇچەك، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئۇرەكلەردە يېغىلىپ سېسىپ كەتكەن سۇغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى، ياخشىلىقى، كامىللىقى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىگە دەپنە قىلىنغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن جاپا چېكىپ ياراتقان ئەجرىدە كۆرۈلىدۇ.

▲ پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلىگەن دوستلۇقنىڭ ئاخىرى قۇمغا يېزىلغان خەتكە ئوخشاش ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

دۇنياغا كۆز ئېچىشنىڭ ئۆزى بىر سوئال. ھېكمەت دەرياسىدىن قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، تۈرلۈك سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەۋاتقانلارنىڭ ۋىجدانەن ياشاش ئېتىقادىنى مەڭگۈ سۇندۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئابلەتجان قادىر**

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## تۈنجى ھېسلىرىم

▲ ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىپ قوي، بەزى ئەھۋاللاردا ۋاز كېچىش ساڭا خۇشاللىق، بەخت ئاتا قىلالايدۇ.

▲ كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلىسەڭلا ئالدىڭدا ئۇنىڭدىن كۆپ پايدا - مەنپەئەت ۋە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن.

▲ بۇ ھايات ساڭا سەن كۈتكەننى ئەمەس، سەن كۈتمىگەننى ئېلىپ كېلىدۇ.

**ماخمۇت ھاكىم**

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى تەييارلىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

▲ يۈرەك دەردكە تولغاندىلا، كۆز ياشقا تولىدۇ.

▲ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقۇچە، كەلگۈسىڭ ئۈستىدە خىيالغا پات.

▲ شەرم - ھايادىن ئايرىلغان قىزلار، ھەر قەدەمدە قالدۇرار خاتا ئىزلار.

▲ مەغلۇبىيەت ۋۇلقان بولغاندا، ئىرادەڭنى قالقان قىلالىساڭ، مەڭگۈ مەغلۇبىيەتچى بولمايسەن.

▲ كۆڭۈلگە كەلگەن ئىشنىڭ، كۆڭۈلدىن كەتمىكى تەس.

▲ ئەگەر بىزدە بىر - بىرىمىزنى قوللايدىغان ئاڭ بولسا ئىدى، كۈچلۈكلۈك مەڭگۈ قولىمىزدىن كەتمىگەن بولاتتى.

▲ كىشىلەرگە ئەقىل كۆزى بىلەن ئەمەس، ھېسسىيات كۆزى بىلەن قارىغۇچىلار ھامان پۇشايمانلىق قەلبىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

▲ ئۆز يۈرەك تۈۋىشىنى ھېس قىلالمىغان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنىڭ يۈرىكىدىكىنى ھېس قىلالىسۇن؟!

**ئانىقىز ئابدۇغېنى يەكدىل**

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مېھرىگۈل ئابلىز ئەزەر

# جان...

(ھېكايە)

دامكو يېزىسىنىڭ ياڭاقلىق يولىدا كېتىۋاتاتتۇق. ماشىنا رادىيوسىدا ناخشا بېرىلىشكە باشلىدى، بىردەم سەۋدا كېسەلدىغان بولدۇق دەپ خۇشال بولۇپ تۇرساق، بىر ناخشا تۈگە-تۈگمەيلا غايىبتىن تومۇر تۈتىدىغان ئەۋلىيا ئەزەملەرنىڭ ساغلاملىق بىلىملىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىشى باشلاندى. ئوچۇق-ئاشكارا جىنسىيەت ھەققىدىكى سۆھبەت «ئېلانى»نى ئاڭلاپ ئەنۋەر ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز لەپپىدە ئۇچرىشىپ قالدى، ئاشۇ قىسقىغىنە دەقىقە ئىچىدە ھەر ئىككىلىمىز قارشى تەرەپنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز خىجىللىق، پۈتمەس-تۈگمەس نەپرەت ۋە ئېغىر خورلۇق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردۇق، كۆڭلىمىزدىن ئاچچىق خىياللار ئەگىدى. نېمىدېگەن بىمەنە گەپلەر بۇ ھە؟ بۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلاۋەرسەك بەزىلىرىمىزنى ئۆزىدىن گۇمانسىراپ ساراسىمىگە چۈشمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ كېسەللىك دېگەن مانا مۇشۇنداق ۋەھىمە ۋە ئۆزگە ئىشەنمەسلىكتىن پەيدا بولىدىغان نەرسىغۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق گەپلەرنى ئاياللىرىمىز ئاڭلاپ قالسا تېخىمۇ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ رادىيو ئاڭلاۋاتقان باللارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەخلاق بۇزۇلدى، شەرم-ھايا قالمىدى دەپ زارلىنىمىز، قاقشايمىز. ئەيمەنمەي مۇشۇنداق گەپلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا دەپ يۈرۈپ ئاياللىرىمىزدا ياتباش ئەرلەرگە قىزدىقىش ھېسسىياتىنى ئۆزلىرىمىز مەجبۇرىي قوزغاپ قويىمىز، باللىرىمىزنى ئەنئەنىدىن ياتلاشتۇرىمىز. ئاندىن ئۇلارنى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئالدى-كەينىدە تىللاپ ئەجىمىزنى بوشىتىمىز. ئەخلاق دېگەن ئېغىزدا شوئار توۋلاپ قويۇش، كەيپ بولۇپ قالغاندا شالىنى چاچرىتىپ ھارغۇچە سۆكۈش، قورساق كۆپۈكى بوشىغۇچە تىللاش بىلەن ئەمەس، بەلكى قىلغان بىر جۈملە ھەق سۆزى، ياخشىلىق ئىزدەپ قىلغان كىچىككىنە ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان بولۇپ بارىدىغان نەرسىغۇ. ئازغىنە نەپ ئۈچۈن شېرىك مەھسۇلاتلىرىنى داڭلاپ، تىرىك جان بىلەن ئوينىشىپ، ھەتتا شەرم-ھايانى پۇلغا ساتىدىغان بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدىن باشقا يەنە نېمىلەر باردۇ؟ ئۇلار مېلىنى سېتىۋالسىلا بولدى، بىر جاننىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارى يوق.

— ناخشا ئاڭلىمايلىمۇ ئاداش، — ئۇ شۇنداق دېگەچ، باياقى بىمەنە گەپلەرگە رادىيو ئەيىبلىكتەك رادىيو كۇنۇپكىسىنى زەردە بىلەن پاسسىدە بېسىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ ئۈنقويغۇسىغا پىلاستىنكا سالدى. ئاۋازى سۇزۇك بىر قىزنىڭ مۇھەببەت لىرىكىسى قەلبلەرگە شۇڭغۇپ كىرىشكە باشلىدى.

ئەڭ تاتلىق سۆيگۈنىڭ رىشتىنى ئۈزۈش،
سىنىڭچە شۇنچىلىك ئاسان ئىشمىدۇ؟

ئەدەبىيات گۈلزارى

يا سۆيگۈ رىشتىسى كونا يىپ بولسا،
يۈرىكىڭ ھېسسىياتسىز بىر تال خىشمىدۇ؟
...

قىزنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى، لېكىن ھېلىلا يىغلايدىغاندەك مىسكىن ئېيتىلغاچقا، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ ھالىنى قويمايتتى. ناخشا دېگەن بۇ نېمە نەقەدەر جىق نەرسىلەرگە تۇتۇشىدۇ ـ ھە؟! ئادەم خۇش بولسىمۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ، غەم باسسىمۇ دەردىنى ناخشا بىلەن چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ ئادەم مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋە مۇھەببەتتىن جۇدا بولغان ۋاقىتتا لىرىك ناخشىلارنى ئاڭلاشقا تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ. مۇھەببەت ئازابىنى ئايرىلالمىغاندەك، ئازابىمۇ ناخشىدىن ئايرىلالمىسا كېرەك.

ــ بۇ بومايتكەن، شوخراق ناخشا ئاڭلايلى، پىلاستىنكا بار ئاۋۇ قاپنى ئۈزىتىۋەتكىنە، ــ دېدى ئەنۋەر. دېمىسىمۇ ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا بەك مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلىسا ئادەمنى غەم ۋە ئۇگدەك بېسىۋېلىپ، يول ئاۋۇمايتتى. ناخشا تېكىستىنى يازغۇچى، مۇزىكا ئىشلىگۈچى ۋە ناخشىنى ئېيتقۇچىنىڭ دەرد ـ قايغۇسى قوشۇلۇپ ئاڭلىغۇچىغا يۈكلەنگەندەك ناخشىنىڭ مۇڭى قەلبلەرنى ئۇسكەنجىگە ئېلىپ، يول ئۈستىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن، تەبىئەتنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىدىن، تونۇش كوچا، ناتونۇش دوقمۇشلاردىن، قىسقىسى ھەرقانداق نەرسىدىن ھۇزۇر ئالغىلى بولمايتتى. بۇ جەھەتتە ئىككىمىزنىڭ قارىشى ئورتاق بولۇپ، ماشىنا ھەيدىگەندە رىتىمى تېز، جۇشقۇنراق ناخشىلارنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتمىسۇن دەپ:

ــ سەن ماشىنىنى ھەيدەۋە، پىلاستىنكىنى مەن ئالماشتۇراي، ــ دېدىم.

ــ ھە بوپتۇ، سەن تاللا.

ئەمدىلا پىلاستىنكا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا سىرتتىن غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەنۋەر ماشىنىنى كوچەپ تورمۇزلىدى. قاتتىق سىلكىنىشتىن ماشىنا ئەينىكىگە ئۇسسۇۋالغىلى تاسلا قالدىم، بىرەر نەرسىنى بېسىۋەتكەندىمىزمۇ دېگەن ئەندىشىدە يۈرىكىم ئاسقىپ كەتتى.

ئىككىمىز ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشتۇق ۋە ماشىنا ئاستىغا ئېڭىشىپ قارىدۇق. ماشىنا تېگىدە بىر توخۇ ياتاتتى. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا ئادەم بېسىۋەتمەي توخۇنى بېسىۋەتكىنىمىزگە خۇش بولۇپ يېنىك تىن ئالدۇق. بولسىمۇ توخۇنىمۇ بېسىۋەتمەي خاتىرجەم ماڭغان بولساق ياخشى بولاتتى، لېكىن «بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك، ئادەم بەزىدە كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىمەن دەپمۇ ساقلىنالمايدىكەن.

دەرۋازىنىڭ غارتتىدە ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بىز تەڭلا قارىدۇق، يولغا قارايدىغان يېشىل سىرلىق تۆمۈر دەرۋازىدىن ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، كەكە ساقال، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپراق ماڭىدىغان بىر بوۋاي چىقىپ ئاۋۋال بىز بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن:

ــ بىرە ئىش بومىغانتۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر... بىر توخۇنى بېسىپ قويدۇق، ــ دېدى ئەنۋەر دۇدۇقلاپ. بوۋاي ماشىنىنىڭ تېگىگە قارىدى، چاق ئاستىدا جىممىدە ياتقان توخۇنى كۆرۈپلا:

ــ ۋاي ئاللا، ۋاي بىچارە مىكىنام، ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بىز شۇندىلا ئۇنىڭ «مەرھۇم توخۇ»نىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدۇق.

ــ ئاكا، كەچۈرسلە، ــ دېدى ئەنۋەر. بوۋاي ئۈندىمىدى. مەن ئاستا ئېڭىشىپ مىجىلىپ كەتكەن توخۇنى ماشىنىنىڭ تېگىدىن ئالاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ كىشى ئۆزى كېلىپ توخۇنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ئاندىن توخۇسىغا سىنچىلاپ قارىدى، تىنىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغاندەك يۈزىگە يېقىن ئېلىپ كەلدى، پۈرىدى، پاخپىيىپ كەتكەن تۈكلىرىنى تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن ئەلەملىك سىلىكىدى. ئەنۋەر بۇ پالاكەتچىلىكتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ يولىمىزغا ماڭساق بولاتتى دېگەندەك جىددىيلىشىپ ھېلى ماشىنىغا، ھېلى ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئەگرى ـ توقاي يولغا قارايتتى. مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا بوۋاينىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە، نېمىشقا ئۆلگەنلىكىنى بىلىشكە ئۇلگۇرمەيلا جان بەرگەن بىچارە توخۇغا زەن سېلىپ قاراپ تۇراتتىم. توخۇنىڭ بەدىنى ياپىلاقلىشىپ قالغانىدى، كىچىككىنە كۆزلىرىنىڭ بىرى رەزىللىككە تولغان بۇ ۋاپاسىز جاھاننىڭ ھەرقانداق غوۋغاسىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك يۇمۇلۇپ قالغان، يەنە بىرسى ئەلەمدىن مېھرى ئارتۇق، سوغۇقدىن ئىسسىقى يېقىشلىق، گۈزەل يارنىڭ ئوتىدەك كۆيدۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇشبۇ يورۇق دۇنياغا قىيمىغاندەك يېرىم

ئېچىلىپ تۇراتتى. توخۇنىڭ ئۆلۈم ھالىتىدىكى بىئىلاج تۇرقى يۈرەكلەرنى ئېزەتتى. ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا دېگىنى راستكەن. ماشىنا توخۇنى بېسىپ تورمۇزلانغىچە بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىگەندۇ. مانا ئاشۇنچىلىك ۋاقىت بىر جانىۋارنى ھاياتىدىن ئايرىپ تاشلىيالايدىكەن. دېمەك، ۋاقىت بىلەن ھادىسە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن. بەزىدە ۋاقىت ئادەمگە ئۇنچە مۇھىم نەرسە ئەمەستەك، بۈگۈن ئۆتۈپ كەتسە ئەتە، ئەتىنىڭ سانسىز ئەتىسى بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بەخۇدلىشىپمۇ قالىمىز. لېكىن ھەل قىلغۇچ بىر مىنۇتقا، بىر سېكۇنتقا، بىر دەقىقىگە دۈچ كەلگەندە ئاندىن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالىمىز. ناۋادا ۋاقىتنى كەينىگە كىچىككىنە ياندۇرغىلى بولغان بولسا بۇ توخۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولاتتى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ۋاقىتنىڭ ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئەڭ كەسكىنلىكى دەل ئۇنىڭ تۇتۇق بەرمەي جىممىدە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ۋە كەينىگە بىر دەقىقىمۇ ياندۇرغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىدا.

دېھقاننىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى خىيالىمنى بۆلۈپ مېنى كۆڭۈلسىز رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. رېئاللىقتا كىچىككىنە بىر ھاياتلىق جان تەسلىم قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بىز سەۋەبچى ئىدۇق.

— ۋاي ئىسىت مېكىنام، ئۆزۈم بىي قوللاق يادۇرۇپ چوڭ قىلغان ئەمەسمىدىم سېنى، — دەپ ھازا ئاچتى بوۋاي. ئەنۋەر ماڭا لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئۆلگىنى ناھايىتى بىر توخۇغۇ، شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا قىلىش كېتەمدۇ؟ ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن پوتلىسىنى ئېچىپ يۈمەي نەچچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى شاقىدە دېسە، بىزمۇ دېگىنىنى غاچچىدە بېرىۋەتسەك ئىش پۈتمەدىمۇ؟ دېگەن مەنە روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئاكا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بىز ناماقۇل، — دېدىم مەن تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— ناماقۇل بوغانغىلا تۈگەيتقان ئىشمىكەن بۇ.

— شۇ... دىققەت قىلماي قېپتىمىز.

— شوپۇرلۇق كىنىشكەڭلىنى ئوقۇۋاغانما يا قاراڭغۇۋازادىن سېتىۋاغانما؟

توۋا، بۇ ئادەم پىراۋدىن چۈشتىغۇ ئەمدى؟ دېمىسىمۇ ھازىر پىراۋنى ئوقۇماي تۇرۇپ غەيرىي يوللار بىلەن



ئالىدىغانلار جىقلاپ كەتكەنمىش، ئۇنداقلار جىقلاپ كەتكەنسېرى قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىمۇ يۇقىرىلاپ كەتكەنمىش. گەپنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پىراۋا بېرىدىغانلاردا، ئۇلار ئازراق نەپ ئۈچۈن ئۆتكەلنى نېرى ـ بېرى تەڭشەپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىلىقتىن چوڭ يوچۇق ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ يوچۇقنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا مانا ئەمدى بىزنىڭ قېلىشىمىزنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. «كىنىشكىنى ئوقۇپ ئالايلى ياكى قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋالايلى بۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ نېمە كارىلىرى» دېگۈم كەلدىيۇ، لېكىن ھازىر بوۋاينىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىمىز بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق گەپ قىلسىمۇ ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ سوئال ـ سورىقىغا لايىقىدا، سىيلىق جاۋاب بەرمىسەك بولمايتتى.

— ئەلۋەتتە ئوقۇپ ئالغان، — دېدىم، ئۆزۈمنى ھەر قانچە بېسىۋالسامۇ ئاۋازىم قېيىدىغاندەك چىقىپ كەتتى.

— ئانداۋوسا پاسالىقتىن موزاي يۈگۈرۈپ چىققاندەي ھەيدىمەي كۆزەڭلىنى ئابدانراق ئېچىپ ھەيدىمەمسىلە؟

— ئۇ توخۇنىڭ يولدا يۈگەنلىكىنى كۆمەي قېپتىمىز. خاپىبومىسىلا، — دېدى ئەنۋەر. ئۇ شۇ ئارقىلىق توخۇنىڭ ئۆلۈشىدە ئۇنىڭمۇ يولدا يۈرۈشتەك بىر ئۆلۈش سەۋەنلىكى بارلىقىنى پۈرىتىپ ئىشنى بىزگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن قارىماققا گالۋاڭدەك كۆرۈنگەن بۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە ناھايىتى سەگەك ۋە ھوشيار بولۇپ، ئەنۋەر قويغان ھۆل خىشقا ئاسانلىقچە دەسسىمەيدىغاندەك تۇراتتى.

— توخا يولدا يۈسە بومايتۇ دەپ قاسى قانۇنغا يېزىقلىقكەن؟ ئۈمۇ بىي جانىيا قالاڭلا، كۆڭلى تاتىپ يۈسە يۈگەندۇ ماندىغ.

— بىز پۇلىنى تۆلەپ بېرىلى.

— خىجىل ۋوماي تۆلەپ بېرىلى دەۋاتقىنىنى. قاندا تۆلەپ بىرەلىيسلە؟ — دېدى ئۇ.

— نەچچە پۇل دېسلە شۇنچە پۇل بېرىلى.

ئۇ ئادەمنىڭ ساقاللىرى تىترەپ، چىرايى بىردىنلا دات باسقان تۆمۈرنىڭ رەڭگىگە كىردى.

— سىلە پۇل بىلەنلا ھەممىنى تۆلەپ بەگىلى بۇتۇ دەپ ئويلايتكەنسىلە ـ ھە؟ ئاڭلاپ قۇياڭلا، بىلمىسەڭلا بىلىپ قېڭلا، سىلىنىڭ ئىككى ـ تۆت تال پۇلۇڭلا ھەممىگە

قادىرمەس.

— ئۇنى بىلمەيمىز ئاكا، بىز پەقەت توخۇلىرىنى تۆلەپ بېرىلى، سىلىگە زىيان بولمىسۇن دەۋاتىمىز.

— سىلىنىڭچە بىر جان ئۆلسە ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ قويساڭلا زىيان تۆلەنگەن بولامتا؟ بىر جاننىڭ خۇنىنى تۆلىيەلىگۈدەك پۇل شۇنچىۋالا يوغان نەسىما؟ ئۆلدى، كەتتى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئارا تۇرامايتۇ.

— ئۇغۇ شۇنداغ ئاكا، ئۆلگىنى كەتتى، تىرىكلەر ئۈچۈن ئازراق تەسەللى بولامىكى دەپ ئويلاۋاتىمىز. كەن ئەمدى دېسىلە، نەچچە پۇل بېرىتىمىز؟

— ماڭا پۇلۇڭلا لازىمەمەس.

— ئەمىسە نېمە لازىم؟

— ئۆزۈمنىڭ توخۇسى.

ماۋۇ كىشىگە نېمە بولدى ئەمدى؟ بىر توخۇنىڭ دەردىدە ئەقلىدىن ئازمىغاندۇ ـ ھە؟!

— ئۆزلىرىنىڭ توخۇسى بەختكە قارشى ئۆلەپ كەتتى ئاكا، بىز سىلىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىلى.

— ئۇنىڭ نەچچە پۇلغا يارايتقانلىقىنى بىلەمسىلە؟

— بازا نەقى بويىچە 30 كويلارغا يارا شۇ.

— مانا، مانا، سىلە توخا بېقىپ باقمىغاندىكىن بىلمەيسىلە ئەينا. ماچچىدە بىسۇەتكىنىڭلا كالىنىڭ يوقى ئەمەس، تىرىك پۈتۈن بىر جان ئاۋۇ. قالاپ تۇرۇپ 30 كوي دېگەننى. تىرىك بولسا 300 كويغىمۇ ساتمايتتىم ئۇنى.

ئاللا، ئاللا. تىرىكلىكىدە 30 كويغا ياراش ـ يارىماسلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىچىككىنە بىر شاتراق مېكىيىننى قاراپ تۇرۇپ 300 كويغا ساتمايتتىم دەۋاتقىنىنى ماۋۇ ئادەمنىڭ. 300 كوي دېگەن بىر تېكچىكىنىڭ پۇلغۇ.

— توخۇلىرى... توخۇلىرى قانداق توخۇ ئىدى شۇنچە پۇلغا ساتمىغۇدەك؟ — دېدى ئەنۋەر.

— بىلمەيتقان ئوخشايسىلە، بەزى نەسلىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايتۇ.

ئەنۋەر سەل خاپا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئويلىمىغان يەردىن بىر ئېغىز يامان گەپ قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويمىسۇن دەپ ئارىغا چۈشتۈم.

— ئاكا، بىزنى كەچۈرسىلە، بوغۇلۇق بولاپ بولدى، ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇنى تىرىلدۈرەلمەيمىز ئەمدى، شۇڭا ئۆزلىرىنى بىسۇۋېلىپ بىر نېمە دېسىلە، دېگەنلىرىنى تۆلەپ بېرىلى.

— توخامدىن ئايرىلىپ يارا بولغان كۆڭلەمنى تۆلەپ بېرەلەمسىلە؟

— ئاكا، بىز... بىز بەك ئۆكۈندەرىيتۇق.

— ئۆكۈندەرگەن يولدا قالا دىگەننى بىلمىگەچكە بوغان ئىش بۇ. ئۆكۈندەرمىيتقان ھېچكىم يوق بۇ جاھاندا.

بوۋاي راست دەيتتى، ھەممىمىز نېمىگىدۇر ئالدىرايتتۇق، ئالدىراپ يۈرۈپ بىر ئىشلارنى بۇزۇپ قويىۋاتتۇق، شۇنىڭ شالتىقىنى ئادالاپ بولالماي ھەرەج تارتىپ يۈرەتتۇق. شۇنچە ئالدىراپمۇ يەنە كۆڭلىمىزگە پۈككەن ئىشلارنى تۈگىتەلمەي بۇ جاھاندىن ئارمان بىلەن كېتىپ قالاتتۇق.

— ئاكا، بۇ توخۇلىرى ئۆلمەسلىكنىڭ دارىسىنى يېمەگەن بوغىيتتى؟ بىزدەي ئادەملىمۇ ھامان بىر كۈنى ئۇ دۇنيانغا سەپەر قىتمىزغۇ. بىر توخۇلىرىنىڭ ئۆلەپ كېتىشى شۇنچە ئېغىر ئىشما؟ — دېدى ئەنۋەر.

— ئۆز ئەجلىدە ئۆلەش بىلەن، باشقىلارنىڭ قولىدا بىئەجەل ئۆلەش ئوخشىمايتۇ.

قارىغاندا ئىشنى ئىتتىكرەك پۈتتۈرۈپ بۇ يەردىن ئىلدام كېتىۋالمىساق ئۇ كىشى قورۇق شاختىن ھۆل پۇتاق چىقىرىپ بىزگە رەسمىي يىپىشۋالدىغاندەك قىلاتتى. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ كىشىلەر بار، قارىغۇنى تار يەردە قىستاشقا ئۇستا. بىز قەستەن بىسۇەتمىگەندىكىن ئۇنچە ئۇششۇقلۇق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئاكا، — دېدىم مەن، — بوپتۇ، توخۇلىرىغا 50 كوي بېرىلى، رازى بوسىلا، بىزمۇ يولىمىزغا كېتىۋاللى.

مەن شۇنداق دېگەچ يانچۇقۇمدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، ئۇ پۇلغا قاراپمۇ قويمىدى.

— پۇل دېگەننى تاپقىلى بوغان بىلەن بۇنداق يارام توخۇنى تاپقىلى بومايتۇ، — دېدى ئۇ. ياۋاللا، جىلىڭ كۆككەمە، بۇدۇشقاققا يولۇقتۇقمۇ نېمە؟ گەپ يەنە بىردەم سوزۇلسا ئۇ تەپتارتماي ئۆلگەن توخۇسىنى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇ ئىدى، سۇمۇرغ بولاتتى دېيىشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر توخۇغا تۇخۇم سېلىپ بەرسە بىر قېتىمدا نەچچىنى يېرىپ چىقىرىدۇ بۇنداق چىشقاق توخۇدىن. ئۇنىڭ ناھايىتى شۇ باشقا توخۇلاردەك پىچاق ئاستىدا جان بەرمەي، شەرەپ بىلەن ماشىنا ئاستىدا «ۋاپات» بولغىنىنى دېمىسە باشقا توخۇلاردىن پەرقلەنگۈدەك قانداق يېرى

بولسۇن؟

— ھوي ئاكا، نېمانچە ئۈششۈقلۇق قىلىسىز؟— دېدى ئەنۋەر ئاۋازىنى سوزۇپ،— توخۇڭىزنى بىز قەستەن باستۇرۇۋەتمىدۇق، ئۆلگۈسى كەلگەن چېغى، چاقنىڭ ئاستىغا ئۆزى كىردى. بىز ئىنساپ قىلىپ تۆلەپ بېرىلى دەۋاتىمىز. ئاسىڭىز مۇشۇ 50 كويىنى ئېلىڭ، بومىسا بىزنىڭمۇ سىزگە بىكاردىن بىرتاقان ئېشىپ- تېشىپ تۇغان پۇلىمىز يوق.

— «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك قاتىللىقنى ئۆزەڭلا قىپ قويۇپ چوڭ سۆزلەيسىلەغۇ. پۇلۇڭلىنى چېكەڭلىگە تېڭىۋېڭلا، ماڭا ئۆزەمنىڭ توخۇسىنى تۆلەپ بەمگۈچە بۇ يەردىن كېتەلەيتىمىز دەپ خام خىيال قىماڭلا.

— نوچىيا سەن؟!— دېدى ئەنۋەر يېڭىنى شىمايلاپ.

— يوقسۇ، مەن نوچىمەس، كەتمەنچى.

— نىم بوساڭ كارىم نېمە؟

بۇ يەر نېمىلا دېگەنبىلەن مۇشۇ دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى، بىز بۇ يەردە ئىش چىقىرىپ قويۇپ يەنە چوڭ گەپ قىلساق بولمايتتى. يەنە كېلىپ خاتالىق بىزدىن ئۆتكەنىدى. شۇڭا مەن يەنە ئارىغا چۈشۈپ سالا- سۆلھى قىلىشقا باشلىدىم. قەدىم- قەدىمدىن باشلاپ جانغا تاقىلىدىغان تالاي ئىشلارنى سالا- سۆلھى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشمىدۇقمۇ.

— ئاكا، بىز ھەقىقەتەن يامان ئىش قىپ قويداق، بىزنى ئەپۇ قىسىلا. يول يۈگەندە دىققەت قىساق بۇتتى. بۇ بىزگە بىر قېتىملىق ساۋاق بولدى، بۇندىن كىن چوقۇم دىققەت قىتىمىز. كۆڭۈللىرىدىكىنى دىسىلە، بۇ ئىشنى سىلىچە قانداق ھەل قىساق بولا؟

دېھقان ماڭا قارىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنىلا كۆرىمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئىلاجسىزلىق، قىيالماسلىق، مۇسىبەت شوللىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز سىيرىلىپ كەتتى.

— بوغۇلۇق بولاپ بولدى، ئەمدى ئونىغا كەمىتۇ،— دېدى ئۇ مەيۈس ھالدا. ئۇ بۇ گەپنى بىزگە دەۋاتامدۇ ياكى ئۆزىگىمۇ بىلەلمىدىم.

— ئاكا، كۆڭەللىرىنى يېرىم قىمىسىلا، دېمىسىمۇ بىر توخۇنى يادۇرۇپ، بېقىپ قاتاغا قوشاش ئانچە ئاسان ئىشمەس. بۇ پۇل توخۇلىرىدىن ئارىلىپ زىيىدلەنگەن يۈرەكلىرىنىڭ يارىسىغا مەلھەم بولامايتۇ. شۇنداغدىمۇ...— گېپىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. قولۇمدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلەش- تەڭلىمەسلىكنىمۇ بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. ئالسىغۇ ئالدى، ئالماي «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، سېنىڭ مەقسىتىڭ ماڭا ئاشۇ پۇلۇڭنى بېرىپلا ھەممىدىن قۇتۇلۇش ئىكەن- ھە، دەپ قالسا نېمىمۇ دەرمەن؟

— ئۇنىڭ قانداغ توخۇلىقنى سىز بىلمەيسىز،— دېدى دېھقان مەيۈس ھالدا،— ئۇنى يادۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئانىسىنى تۈلكە يەپ كەتتى. 11 چۈجە يېتىم قالدى. ئۇلارنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ نالە قىلىشلىرى، چوكۇلداشلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋۈمدىن كەتمىتۇ. ئۇلانى مۇھاپىزەتىمگە ئالدىم، لېكىن ئاستىمغا ئاغلى قانتىم، ئاغزىغا دان سېپ قويغىلى تۇمشۇغۇم يوقتى. شۇنداغدىمۇ ياما بېرىپ، ئوتياش چاناپ، سۈيىنى تەڭشەپ كۈن بويى ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يۈدۈم. قايەنى بەك چۈۋەكسە، شۇ يەردىن ئاسان چاتاق چىقىتقان چېغى، 11 چۈجىدىن ئونى ئون خىل سەۋەب بىلەن ئۆلەپ قېلىپ، مۇشۇ بىيىسىلا ئەي بولدى. ئەگەر بۇمۇ ئۆلەپ كەتكەن بوسا مېنىڭ بارچە تىرىشچانلىقىم، ئەجرىم بىكا بۇتتى. تەلىيىمگە ئۇ ئۆلەپ كەتمەي ساق چوڭ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بىي مۇنچە توخۇلىرىم بېيدى، لېكىن نېمىشقىكىن ھەقانداغ بىي توخۇنى ئۇنىڭغا تەڭ قىغۇم كەمىيتتى. ئۇ ماڭا ئالامەت كۆنەپ قاغان، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە كۆنۈككەن ئىدىم. ئۆيدىن ھويلىغا چىقسامىلا ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ مېنى ساقلاپ تۇغىنىنى كۆرەتتىم. باغقا كىيسەممۇ، ئېغىل تەرەپكە باسامۇ بالامدەك كەينىمدىن ئەگىشىپ بىللە باراتتى. مەن بىيمۇنچە توخۇلىنىڭ ئاۋازى ئىچىدىن ئۇنىڭ سۆزۈك ئاۋازىنى ئېنىق ئاريىالايتتىم. ئۇ تۇخۇم قۇشۇپ بولاپ چىرايلىق قاقىلداشلىرى بىلەن مېنى قىچىرتتى، ئۇۋىسى ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرتتى، مەن تۇخۇمنى ئېلىپ بوغاندىن كىن ئاندىن ئارىلتتى. ئۇ ماڭا ئالامەت سادىقتى، بېشىمغا كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر كەسە ئۇنىڭغا سۆزلەپ ئىچىمنى بوشىتتىم. ئۇ ھەممىنى چۈشىنىدىغاندەي جىممىدە قۇلاق سېپ ئاڭلايتتى. ئۇنىڭغا دىۋالسامىلا ئىچىم بوشاپ قاغاندەي بۇتتىم. ئۇ بەزىدە لىككىدە سەكلەپ قۇ-

چىقامغا چىقىۋالىتتى. ئۇنىڭ ئۇستى بېشىنى يېنىك سىلىسام كۆزلىرىنى يۇمۇپ باغرىمغا سىڭىپ كېتەتتى. مانا ئەمدى ئۇ... ئۇنىڭمۇ دەدى با بوغىيدى، تىلى بومىغاچقىلا ماڭا تۇكەممىيتتى. لېكىن مەن چۈشىنەتتىم، ھەممىنى چۈشىنەتتىم. ئۇ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئىدى، قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئايرىلغان ئىدى، بۇنداق دەردكە ئادەم بالىسىنىڭ چىدىمىقىمۇ تەس بوغان يەردە كىچىككىنە بىي توخۇنىڭ قاندا چىدىغانلىقىغا بەزىدە ئەقلىم ھەيران قاتتۇ. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ بۇ دۇنيادىنمۇ ۋاقىتسىز ئايرىلدى. نېمىشقا بۇنداق كۆلپەتلە ئۇنىڭ بېشىغىلا كىتۇ دەيمەن؟ ئۇ بىز ئادەملىگە ھۆددەس يامانلىق قىمىغان ئىدىغۇ.

دېھقان گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، مېنىڭمۇ كۆزلىرىم نەملەشتى. مەن ئادەملەر بىلەن توخۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بۇنچە چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. دېھقاننىڭ گەپلىرىدىن قەلبىم ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلگەندەك بولدى، توغرا، بىر توخۇنىڭ جىسمىنى پۇل بىلەن تۆلەش مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ روھىنچۇ؟ توخۇ بىلەن باققۇچى ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يىللىق مېھىر-مۇھەببەت ۋە رىشتىنىچۇ؟ بۇنىمۇ پۇل بىلەن تۆلىگىلى بولامدۇ؟

شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، توخۇسى تۈگۈل، تۆگىسى يوقاپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ. مۇنۇ دېھقاننىڭ ئۆزى ئەجىر قىلغان، مېھرى سىڭگەن نەرسىنى سۆيۈش، ئاسراش، قەدىرلەش تۇيغۇسى قەلبىمدە تەڭسىز ھەسرەت بىلەن قوشۇلۇپ چوڭقۇر ھۆرمەت قوزغىماقتا ئىدى.

بۇ ئادەمنى باياتىن ئۇششۇق دەپ ئويلىغىنىمغا بىردىنلا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بىرەرسى بىزنىڭ توخۇيمىزنى ئەمەس، بىزگە تەۋە يەردىكى بىرەر قۇشقاچنى بىسوراق ئۆلتۈرۈپ باقسۇنا قېنى، ئاچچىقىمىز كېلەمدىكەن، كەلمەمدىكەن؟ بۇ كىشىنىڭ ئۇ توخۇغا سىڭدۈرگەن ئەجرى ئاز ئەمەسكەن، ئۇنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇمۇ دېھقاننىڭ ئەجرىگە يارىشا كۈندە قۇيۇپ بېرىدىكەن. بەلكىم دېھقان ئاشۇ تۇخۇملارنى قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، ئاردىسغا سوقۇلغان بوزۇغا بىلەن تۇز ئارىلاشتۇرۇپ يەپ پۇتقولىغا ماغدۇر توپلايدىغان بولغىيتتى، بەلكىم يېيىشكە قىسىلىپ يىغىپ قويۇپ بازار كۈنى سېتىپ ئۆيىنىڭ پارچە-پۇرات خىراجەتلىرىنى قامدايدىغان بولغىيتتى. بەلكىم ئۆزى يېيىشكە قىيماي يىغىپ قويۇپ، نەۋرە-چەۋرىلىرى كەلگەندە پىشۇرۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان بولغىيتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئاز بولسىمۇ قۇۋۋەت ۋە كىرىم مەنبەسىدىن، «سۆيگۈ مەبلىغى»دىن ئايرىلىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەجرىنى، دەردىنى، ھالىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرەي، نېمە دەپ ئەپۇ سوراي، بەربىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ توخۇسىغا بولغان قايغۇسىنى يېنىكلىتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەنۋەرمۇ ئىختىيارسىز جىم بولۇپ قالدى، ئېنىقكى، ئۇمۇ دېھقان ئېيتقاندەك بىزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان بىر جاننى بىكاردىنلا ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

دېھقان خېلى ئۇزاق يىغلىدى، بىز ئۇنىڭغا يا تەسەللى بېرەلمەي، يا ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەي بېشىمىزنى ئېگىپ سۈكۈتتە پاتتۇق. بۇ تۇرقىمىزدا بەئەينى دېھقانغا ھەمراھ بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن توخۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتقانغا ئوخشايتتۇق. بىز شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق تۇردۇق. بىر چاغدا گۈدۈك-گۈدۈك قىلىشقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ بېشىمىزنى كۆتۈردۇق.

بىردىن-ئىككىدىن كېلىپ ئەتراپىمىزغا خېلى كۆپ ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. ئېنىقكى، ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەنلەر ئىدى. بۇ جاھاندا بەزى ئىشلار شۇنداق بولاتتى، بىراۋلار ئۈچۈن ئۆلۈم بولغان ئىش يەنە بىراۋلار ئۈچۈن كۈلكە بولاتتى، ھېسداشلىق قىلىدىغانلاردىن تاماشا كۆرىدىغانلار، شۇنداق بىر پالاكەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ يولۇقماي باشقىلارنىڭ يولۇققىنىدىن خۇش بولىدىغانلار جىق ئىدى. زەن قويغانلار ئاشۇ ئىشلاردىن يەنە يېڭى ئەقىل، يېڭى يول تېپىپ قالاتتى. مەنمۇ شۇ تاپتا توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر چارىسىنى تاپقاندەك بولدۇم.

— بىز يولدىن ئۆتەپ كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ ئاكىمىزنىڭ توخۇسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇق. تۆلەپ بېرىلى دېسەك تۆلەشكە قۇربىمىز يەتمەيۋاتىتۇ. بىرەسىڭلار ئوبدان مېكىيىنىڭلاردىن بىرەنى 50 كويغا سېتىپ بەرسەڭلا قانداغ؟
— دېدىم. بازاردا بىر توخۇنى ناھايىتى بەك ئالسا 30 كويغا ئالاتتى، بۇلاردىن بىرەرسى توخۇسىنى سېتىپ بەرسە 20 كوي پايدا ئالغان بولاتتى، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى

پايدا ـ زىيانى ئۆزىنىڭ توخۇسىدىن ئايرىلغان بوۋايدەك ئىنچىكە دىتلاپ بولالىشى ناتايىن ئىدى، شۇڭا بۇلارنىڭ ئارىسىدىن توخۇسىنى سېتىپ بېرىدىغانلارنىڭ چىقماي قېلىشىغا ئىشەنمەيتتىم. شۇ تاپتا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئوبدانراق چارىسىمۇ يوق ئىدى. بىز ئادەملەرمۇ كونا ياردىن ئايرىلغان كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بەزىدە يېڭى يارنىڭ ۋىسالى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى بەزلەيمىزغۇ. يېڭىدىن بىر توخۇ پەيدا بولسا دېھقان بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالسا، كونىسىنىڭ دەردى بېسىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. دېمىسىمۇ ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ دەيسىز؟ ئۆز يۇرتىدىن تامغان بالىسى ۋاقىتسىز قازا قىلسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بىللە كەتكىلى بولمايدۇ. ئاللادىن ئۆزىگە سەۋر ۋە چىدام تىلىمەكتىن ئۆزگە چارە يوق.

ئەتراپتا تۇرغانلار جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە توخۇنىڭ ئىگىسى چۇقان سالدى:

— ياق، ماڭا باشقا توخۇ ئېپ بەسەڭلىمۇ رازى بومايتمە، ماڭا ئۆزەمنىڭ توخۇسى كېرەك.

ئۇنىڭ بۇ نالىسى ماڭا بايامقىدەك قوپال ۋە زېرىكىشلىك بىلىنمىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىلاجسىز قالغانىدى. ئايرىلىشنىڭ ھەرقاندىقى ئەنە ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق بولاتتى. ھاياتتىكى ھەر بىر ئايرىلىش يۈرەكنىڭ بىر پارچىسىنى شۇلۇۋالاتتى، بەزىلەر بۇ دەردكە چىدىماي ئېلىشىپمۇ قالاتتى.

ئەتراپتىكىلەر گۇدۇڭلىشىشقا باشلىدى. بىرلىرى بىر نېمە دەيتتى، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقىغاچ يەنە بىر نېمە دەيتتى. ئۇلارنىڭ بىز تەرەپتە ياكى ئۇ كىشى تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئالاھازەل خېلى ئۇزاق گۇدۇڭلاشقاندىن كېيىن بىرسى توخۇنىڭ ئىگىسىگە يېقىنراق كېلىپ:

— سۇلايمىناخۇن، «جان با يەدە قازا با»، «مېلىۋانىڭ مېلىغا، مېلى يوقنىڭ جېنىغا» دېيىشكەن. باشلىرىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ھەققىدە بوسۇن، ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالسىلا، — دېدى.

— ۋاي جېنىم قوشنام، سىلى مېنىڭ مۇشۇ توخۇنى ئەي قىغۇچە قانچىلەك جاپا تارتقىنىمنى ئابدان بىلىلا. مەن ئۇنىڭ مەردىن قانداق كېچەلىيتىمە؟

— بېيمۇنچە توخۇلىرى بوغاندىكىن كۆرۈك بوغان بىيسگە تۇخۇم سېپ بېرىپ مۇشۇنداقتىن بىينى يادۇرىۋالالا.

— يادۇرتمە دېگەنگىلا مۇشۇنداغنى يادۇغىلى بۇلامتى قوشنام؟ يا قېلىپتىن چىققان قىش بومسا ئۇ.

— باشقىدىن بىينى ئېۋالالا ئەمىسە.

— گەپ مانا مۇشۇ يەدە. باشقىسىنى ئاسامۇ، يېڭىدىن يادۇسامۇ ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىپ بوغىچە جېنىمغا ئۆۋال ئەمەسما؟ بۇ توخۇنىڭ نەسلى ئېسىل، تىگى پاكىزدى، باشقا توخۇلدەك ئاچ كۆز ئەمەستى، پوق يەمىيتتى. داننىڭ توقلىرنى ئىلغاپ يەپ، سۇنىڭ پاكىزىنى ئىچىپ كۈن ئاتالاتماي قۇشۇپ بىرتى. يېڭىدىن يېتىشتۈيگىنىم ياكى بازاردىن ئاغىنىم ماڭا كۆنمىسە قانداغ قىلامە قوشنام؟ ياساپ بەگەن كاتاكتا قۇيماي باشقا كاتاكلىغا قۇشۇپ قويسا قانداغ قىلامە؟ قېرىغاندا توخامنى ئىزدەپ نەلدە يۈرەمە؟ قولۇم ـ قوشنىلار تۇخۇم تالىشىپ ئېگىز ـ پەس گەپلىشىپ قاتقان ئىش بولاپ قاسا قانداق قىلامە؟ داننى ئىلغىماي يەپ، كۈن ئاتلىتىپ قۇشىدىغان چىقىپ قاسا قانداق قىلامە؟ خالىغان يېرىگە شاتراقلاپ ھويلامنى توخۇ پوقىغا مىلۇەتسە قاندا قىلامە؟ قېرىغاندا توخۇ پوقىغا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتسەم كىم يۆلەپ قويا مىنى؟ بىينى قۇشۇپ بوغىچە ئۇنى قۇيغاددەك قاقلداپ قولاق مېڭەمنى يەپ كەتسە قانداغ قىلامە؟ تۇخۇم سېپ بەسەم يېرىمى يىلتىپ ئوبدان ياماي قالسا قانداغ قىلامە؟ ئۇنىمۇ دەيتمە، بۇنىمۇ دەيتمە يەنىلا ئۆزۈمنىڭ توخۇسىغا يەتمەيتتۇ ئەمەسمۇ. ۋاي مېكىينام، ئېسىت مېنىڭ مېكىينام! ماڭا كۆنەڭ ئىدىڭ، نېمە دەپ يولغا چىققانسە؟ نېمە دەپ بۇ نائۇستا شوپۇرغا يولۇقاپ قاغانسە؟

بۇ كىشىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىر توخۇغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىلىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەنگەندەك بولدۇم. راست، ئۆزىنىڭ توخۇسىغا نېمە يەتسۇن؟ خۇي پەيلى ئۆزىگە ئايان، نەدە دانلاپ، نەدە قۇيىدىغانلىقىنىمۇ، نەدىكى قونداقتا چىقىپ نەدە تۈنەيدىغانلىقىنىمۇ باققان ئادەم ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. قارىغاندا ئۇ كىشىنى ئۇششۇقلۇق قىلدى، ئاشۇرۇۋەتتى دەپ ئاغرىنىشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولاتتى. مەن دېھقانغا قايتىدىن ناماقۇل بولۇشنى، يېلىنىپ يالۋۇرۇشنى ئويلىدىم، لېكىن ناماقۇل بولۇش، پۇل تۆلەپ بېرىش، يالۋۇ ـ

رۇش، يېڭىدىن بىر توخۇ ئېلىپ بېرىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئۆز توخۇسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى، يېڭىسى ئارقىلىق كونىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا زورلاشنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىھۇدە قىيناشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن ھېس قىلدۇۋاتاتتىم. دېھقاننىڭ يۈرىكىدىكى يارىنى كۆرۈۋاتقاندەك، بارماقلىرىم بىلەن سىلاۋاتقاندەك، ئۇ يارا بارماقلىرىم ئارقىلىق ماڭىمۇ يۇقۇپ يۈرىكىمگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە قىلدەك تولغىنىپ كېتىۋاتاتتىم. بەزىدە قايغۇمۇ يۇقۇملۇق بولىدۇ، ئالدىڭىدا بىرسى ھەسرەتتىن ئۆرتۈنۈپ نالە قىلىۋاتسا سەن ھەرقانچە تاش يۈرەك بولغان ھالەتتىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھجىيىپ تۇرالمايسەن - دە. ئۇنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلاشقۇڭ، يەڭگىللەتكۈڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا قوربىڭ يەتمىسە ئۆزۈڭنىڭ قايغۇلىرى ئېسىڭگە كېلىپ روھىڭ سۇنىدۇ. چۈنكى، ھاياتتا خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى ئومۇمەن ئوخشىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، قايغۇنىڭمۇ يىلتىزى تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ جاھاندا قايغۇرۇشنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن ئۆتە قورقۇنچلۇق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. ئۇنىداقلارنىڭ قەلبى ھەسەت، شۇملۇق ۋە ياۋۇزلۇق بىلەن لىق تولغان بولىدۇ. بىراۋلار ئۇچۇن ياخشىلىق تىلىمەيدۇ، ئۆزدمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەتراپتا تۇرغانلار قوشنىسىغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلىشنى، بىزنى نېمە دەپ يولغا سېلىشنى بىلەلمەي بىر - بىردگە قارىشىپ تەڭقىسلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھازىر ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەسىھەت كار قىلمايتتى. قانداق قىلغاندا بۇ كېشىنىڭ دەرز كەتكەن كۆڭلىنى چاندۇرماي قاداتقىلى بولاركىن؟!

— ئاكا، بۇ...

گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بېشىمنى ساڭگىلاتتىم. خىجالەتچىلىك ئىچىدە قولۇمدىكى ھېلىقى 50 كويغا يەنە 50 كوي قوشۇپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيتتىم؟ ئۇ پۇلغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئاندىن نەزەرىنى يۆتكەپ:

— بولدى، ماڭا پۇل لازىممەس. ئۆزۈمنىڭ توخۇسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا تەن بەمەي ئامالىم يوق، بۇ توخۇنى بېغىمغا ئەكىشىپ بىي تۇپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمەپ قوياي، پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇ ئوخشايتۇ، — دېگىنىچە ئۆلۈك توخۇنى باغرىغا باسقان پېتى، بېشىنى غەمكىن ئېگىپ، ھارغىن قەدەملەر بىلەن ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كۆزۈمگە خۇددى جەڭ مەيدانىدا ناھەق ئوق يەپ قازا قىلغان ئوغلىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇنسىز كېتىۋاتقان غەمگۈزار دادىغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

مەيلى توخۇنىڭ بولسۇن، مەيلى ئادەمنىڭ بولسۇن ھاياتى ئوخشاشلا ھايات، ئۇلار بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۆزى بىلمەيلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان. يەنە قاچان، قانداق يەردە، قانداق بىر ھالەتتە جان تەسلىم قىلىدىغىنىنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ. تۇغۇم بىر نىيەت بىلەن ۋۇجۇدقا چىقسا، ئۆلۈم يەنە ئاللىقانداق بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. كىم بىلىدۇ، مەنمۇ بىر كۈنلەردە چاق تېگىدە جان بېرەمەنمۇ، تۈز يولدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشمەنمۇ ياكى بىر يۇتۇم سۇ گېلىمگە تۇرۇپ قېلىپ ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرىمەنمۇ؟ ئىشقىلىپ شۇنداق بىر كۈن ھامان بېشىمدا بار.

يۈرىكىم مۇجۇلۇپ سوغۇق تەرگە چۈمۈلدۈم. ئۆزۈمنى چىڭراق تۇتۇپ تۇرمىسام كۆكرەك قەپىزىم ۋاققىدە يېرىلىپ جان قۇشۇم ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۆزىنىڭ توخۇسىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقان ئېغىر قەدەملەر بىلەن بىزدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. باشقىلار بىزگە بىردەم قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىشتى. ئۇلارنى دەسلەپتە بېلەتسىز ئويۇن كۆرۈشكە بولغان تەلۋە قىزىقىش بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆزلىرى ئويۇن دەپ بىلگەن ئىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، ئىشلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا يەڭگىللىك ۋە بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك ئويچان ھالدا ئېغىر، ۋەزمىن قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يىراقلاشقانسېرى ئۆزۈمنى خۇددى يالغۇزلۇق قوينىغا غەرق بولۇپ بارغانسېرى يىگىلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەنۋەر قانداقراق تۇيغۇدا بولۇۋاتاقاندۇ؟ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترەپ، نېمە دېيىشنى، نېمە قىلارنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرۇپتۇ.

قولۇمدا ھېلىقى 100 كوي پۇل خۇددى نادان بالىنىڭ مەشىق دەپتىرىدىن يىرتىپ پۇرلەپ تاشلىۋەتكەن پۇچۇق قەغەزدەك قىممەتسىز، ئېتىبارسىز ھالدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇ قەغەزگە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى، ئوت تەپتى بارماقلىرىمنى كۆيدۈردى، بارماقلىرىمدىن ئۆتۈپ يۈرىكىمـنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، ئوت كۆيۈۋەردى، ئىس-تۈتەكسىز، يالقۇنسىز ھالدا كۆيۈپ يۈرىكىمنى چوغلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئوت تۇتاشقان پۇلنى شۇئان تاشلىۋەتكۈم كەلدى، لېكىن تاشلىۋېتىش ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەنمۇ بۇگۈن يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرغىلى بولمايتتى.

توخۇ ئىگىسىنىڭ بىزدىن ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان قوشنىسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئاكا، ئېغىي كۆمەي مۇشۇ پۇلنى توخۇنىڭ ئىگىسىگە بىرىپ قويغان بوسلا، — دېدىم.

نېمىلا بولمىسۇن قولۇمنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بۇ ئوتنى تاشلىۋەتكەن ياكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ يانچۇقۇمغا قايتا سالغاندىن كۆرە، ئۇنى توخۇ ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگكۈزسەملا ئاندىن ۋىجدان ئازابىدىن بىرئاز يېنىكلەپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتىم. بەلكىم بۇ كۆزلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن چەكچەيتىپ تۇرغان بەتبەشىرە رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى بىچارىلەرچە قاچۇرغىنىمدۇر، سۇغا غەرق بولغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئاخىرقى ئۇرۇنۇشلىرىدۇر ۋە بەلكىم پۇلنىڭ قىممەتسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ پۇل ئارقىلىق يول خېتى سېتىۋالماقچى بولغان بىر ھاماقەتنىڭ تەكرار ھاماقەتلىكىدۇر.

دېھقانىنىڭ قوشنىسى كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك ئارتۇق قارشىلاشماي پۇلنى ئالدى، كەتتى. لېكىن پۇلنى تۇتقان بارماقلىرىم ھېلىغىچە كۆيۈشۈپ تۇراتتى. توۋا! مەن قاچانلاردىن باشلاپ پۇلنى بۇنچە چوڭ كۆرىدىغان، ھەممە ئىشنى پۇل ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كۆچەيدىغان بولۇپ قالغاندىمەن؟ ھەتتا ئۆلۈم ئىشىنىمۇ ھە. بۇ پۇل قولىمىزدىكى قان يۇقىنى يۇيۇپ تاشلىيالامدى؟ يۈرىكىمىزنى سەگىتەلەرمدى؟ بىر توخۇنىڭ دەردىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان ئاشۇ نەرسە بىلەن ئىنسانىي مېھىر- مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى، دەز كەتكەن يۈرەكنى قاداتقىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنى ئۆزلىرىمىز ياسىغانۇ، يەنە ۋىجدانىمىزنى، ھېسسىياتىمىزنى ئۇنىڭ خالىغانچە تالان- تاراج قىلىشىغا تاشلاپ بېرىش ئارقىلىق بىز نېمىگە ئېرىشىشنى ئىزدەيدىغانىمىز؟ ئۇ بىزگە نېمىلەرنى بەردى ۋە يەنە بىزنى نېمىلەردىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ؟ بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ پۇل كىشىلەر ئارا ئىنسانىي مېھىر- مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرالىغۇدەك، شەرم- ھايانى ئۇنتۇلدۇرالىغۇدەك، ئېتىقادنى ئاجىزلاشتۇرالىغۇدەك شۇنچىۋالا سېھىرلىك، شۇنچىۋالا قۇدرەتلىك نەرسىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى ئۆزىمىز ياسىغان بىر ۋاراق قەغەزغۇ. بەزىدە كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى دىر- دىر تىترىتىپ ئەتراپىدا پىر- پىر ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئاشۇ قەغەز پارچىسى بۇگۈن دېھقانىنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ مەيلىنى تارتىشقا نائىل بولالمىدىغۇ؟ كىچىككىنە بىر توخۇنىڭ خۇن داۋاسىغا ئارا تۇرالمىدىغۇ؟ دېمەك، ئۇ ئۇنچە سېھىرلىك، ئۇنچە قۇدرەتلىك نەرسە ئەمەس. بىر جان ئالدىدا، مېھىر ئالدىدا، رىشتە ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس بىر نەرسىدۇر. پەقەت بىز ئۇنى ھەددىدىن زىيادە چوڭ كۆرۈپ، چوقۇنۇپ، باش قويۇپ يۈرگىنىمىز ئۈچۈنلا قىسمەت- تەقدىرىمىز ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەسلىدە بىزنىڭ ئىدىيەمىز، ھەرىكىتىمىزگە پۇل ئەمەس، بەلكى پۇلغا بىز قوماندانلىق قىلىشىمىز، ئۇنى ھەق ئۈچۈن، ھاياتتىكى بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە، ئەڭ كېرەكلىك يەرلەرگە سەرىپ قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغىنىدا نۇرغۇن ئىشلار ھازىرقىدىن باشقىچىرەك بىر ھالەتتە بولار ئىدىغۇ.

بىز گەپ قىلماي ماشىنىغا چىقتۇق. ئەنۋەر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقاندا مەن يېشىل سىرلانغان دەرۋازىغا بويۇنداپ قارىدىم. ماشىنا قوزغالدى، بىز دەرۋازىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتتۇق، قۇلىقىم تۈۋىدە ھېلىقى دېھقانىنىڭ «ماڭا ئۆزۈمنىڭ توخۇسى كېرەك» دېگەن ئاۋازى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. بۇ ئاۋاز يىلدىن- يىلغا كۈچەيدى، ئۆزى بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېيىتتى، تولۇقلىدى. ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى، چۈشەندۈردى، ئۆگەتتى. قارىغاندا مەن ھازىردارنىڭ «ئۇمۇ تىرىك بىر جان ئىدىغۇ» دېگەن ئاشۇ يىغانلىق، ئاشۇ ھەسرەتلىك نىداسىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايدىغان ئوخشايمەن.

---

ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە.

بەگمەت يۈسۈپ

# بوسۇغا ئاتلاش خاتىرىسى

(نەسر)



## يامغۇر چۈشكەن يەر

يامغۇر چۈشسكەن دەيمەن، چۆل دېگەن ئاتالغۇنى دېڭىزدىكىلەر چۈشەنمەيدۇ. چۆل كىشىلىرى دېڭىزنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىدۇ. دېڭىز بەك يىراق، ئۇ كېلەچەكنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدەك.

ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا سەن ئېسىمگە كېلىسەن. چۈنكى، سەندە دېڭىزنىڭ شوخلۇقى بار، چۆلنىڭ غېرىبلىقى ھەم شوخلۇق قايىنغان يەرنىڭ بىر ئاۋات كەيپىياتى، ياڭراق ناخشىسى بار. غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرگەن زېمىننىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى بار. پەيلاسوپنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى، شوخلۇق قىلغۇسى كېلىدۇ. ناخشىچى پەيلاسوپتىن ئەيمىنىپ تۇرىدۇ - يۇ، ئۇنىڭ كەينىگە ئۆزىنى قويغۇسى كەلمەيدۇ. ناخشا بىردەملىك ھۇزۇر. پەلسەپە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەقىل، يامغۇر ئەنە شۇ پەلسەپىنى بايقىغۇچى، ئاشكارىلىغۇچى. يامغۇر ئەنە شۇ ناخشىنى ئېيتقۇچى. ئۇ سۇدىن بۇلۇتقا، بۇلۇتتىن يەرگە، يەردىن گۈلنىڭ ۋۇجۇدىغا ئايلانغاندا يەنە بىر ھاياتلىق پەلسەپىسىنىڭ ئۇلۇغۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىغاندۇ. مەن ئۇنى بىلدىم، مەن ئۇنى سەن دەپ، سېنىڭ كارامىتىڭ دەپ بىلدىم، ناۋادا تىلىمىزنى ئۇقۇشقان بولساق بۇ ھېكمەتنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەن بولاتتىم.

يامغۇر چۈشسكەن دەيمەن. دېڭىز بۇ يەردىمۇ تېرىلسكەن دەيمەن. ئەمەلىيەتتە، دېڭىز ئۆلمەيدۇ، چۆل ئۆلمەيدۇ. بەلكى بىزنىڭ چۈشەنچىمىز ئۆلىدۇ، ھېسسىياتىمىز ئۆلىدۇ. بىزدەك يامغۇرغا تەشنا كىشىلەر ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە ھاياتلىقنى چۈشەنگۈمىز كېلىدۇ. دېڭىزغا تۇپراق كېرەك، تۇپراققا سۇ، بۇ بىر ئۆزئارا تولۇقلاش جەريانىدۇر. قىممەت يارىتىش كۈرىشىدۇر، كۈرەش ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

سەن قۇملۇقنى ئۆلگەن دەپ قارامسەن؟ ئۇ ئەزىز بىر ئانىغا ئوخشايدۇ. مەن يامغۇر تىلەۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇ بىر قېتىم تىترەيدۇ. مۆجىزە شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى يۇلغۇن چېچىكى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ ۋە باشقىلار بار يەنە، يۇلغۇن چېچىكى — قەھرىمانلىق شەجەرىسى.

يامغۇر چۈشسكەن دەيمەن، ئۇ بىزنىڭ شۇئارلاشلىرىمىز، قول كۆتۈرۈپ ئوقۇغان دۇئالىرىمىز، تىلەكلىرىمىز، كۆكرىش ۋە كۆپىيىش ئىستىكىمىز. بىز چۆل ئادىمىدىن بوستانلىق قۇۋمىگە ئايلانغۇچىلارمىز، بوستانلىق قوۋمىنىڭ ئەقلى بىلەن، چۆل ئادىمىنىڭ شىجائىتى بىلەن دېڭىزدەك شاۋقۇن سۈرگۈچىلەرمىز. يىراق دېڭىزنىڭ

هېكايىلىرى بىزدە كۆپ، چۆل ئەپسانىلىرى تېخىمۇ كۆپ. باللار بۇنىڭدىن ئوزۇق ئالدۇ، ئۇلار يامغۇردەك ھۆللە-نىپ، گۈلدەك چېچەكلەپ، دەرەخلەردەك يەنە ۋە قايتا مېۋە بەرگۈچىلەردۇر.

سەن سايىنى جانسىز دەپ ئويلامسەن؟

ئۇ كۆچ تولۇقلىغۇچى يەنە بىر كۈچتۇر. چاتقاللار-نىڭ سايىسى بار، گۈللەرنىڭ سايىسى بار، دەرەخلەرنىڭ سايىسى بار، دېمەك، بىزدە كۆچ بار. كۆرۈپ باقمىغانلار كوردۇر. ئاڭلاپ باقمىغانلار گاستۇر، قىلىپ باقمىغانلار مەھكۇمدۇر. بىز كۆچ ئىلكىدە ياشىغۇچىلارمىز، كۆچ ئىلا-كىدە كۆچلەنگۈچىلەرمىز، يامغۇر چۈشكەن يەر مانا مۇ-شۇنداق خاسىيەتلىكتۇر.

يامغۇر چۈشسىكەن دەيمەن. ئىككىمىز شۇ جايدا كۆ-رۈشسەككەن دەيمەن، بىرىمىز بىرىمىزگە گۈل بولۇپ، دەرەخ بولۇپ، مېۋە بولۇپ، ھەتتا سايە بولۇپ...

2013 - يىلى 6 - ماي ئۈرۈمچى

## تۇيۇقسىز پەيدا بولۇش خاتىرىسى

ساقلاۋاتىمەن، ساندۇقتا ساقلىغاندەك خېتىڭنى، سېنى ۋە ياكى ئۇچۇرۇڭنى.

كۆلكەمنى يېمەكتە خىياللار ۋە ئېغىر بىر سۈكۈت. مەن مىڭ قېتىم يىغلاي، سەن بىر قېتىم كۈل. كۈلكىلىرىم كارىز سۈيىدەك بارسۇن يېنىڭغا.

قار ياغماقتا قىشنى ياشنىتىپ، گۈل ئۈنمەكتە قىشنى قاقشىتىپ، شامالاردىن باھار سورايمەن، باھار كەلسە سېنى كېلەر دەپ.

ساقلاۋاتىمەن. ياز ئايلىرى كەلدى، مېۋىلەرگە قاراپ قويىمەن. سېنى بىر تال يەۋالسۇن دېدىم. يەنە ئۈچ ئاي كۆزنى ساقلىدىم. كۆز مېۋىلىرىگە ئوغرى كىرىپتۇ. لېكىن ئۇلار ئوغرىلاپ خورىتىپ بولالمىغانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە قىش كىرىپ كەتتى. قىشنىڭ قىشچە كۆڭلى بار، بۇ كۆڭۈلنى ئىسسىق ئۆيدە قوبۇل قىلدىم، سوغۇق دالىدا چېچەككە ئايلاندۇردۇم، سېنى كەلسە تو-تارمەن دەپ.

ساقلاۋاتىمەن، ئازادە بېزەلگەن ئايرىمخانىدا قىزىق قەھۋەنى دەملەپ، مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئەمەس، ھا-ياتلىق سەپىرىمنىڭ جاپاسىنى تارتقاچ، پىتنە - پاساتچى-لارنىڭ پىتنىسىنى ئاڭلىغاچ ۋە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمى-غاچ.

ساقلاۋاتىمەن، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى ئەيىبلەيدى-كەن، مۇشۇلار بولغاچقا بىز ئاجىز ھېسابلىنىمىز دەپ، پاس-سىپلار ئىلغارلارنى تىللايدىكەن، مۇشۇلار بولغاچقا بىز پاسسىپ ھېسابلىنىمىز دەپ، كىچىكلەر چوڭلارنى ئەيىبلەيدى-دىكەن، ئۇلار كىچىكلىكنى چوڭلىتىپ ياشاۋاتقانلار دەپ... ئىشقىلىپ ھەركىمدە ھەر خىل قاقشاش. ئۇلار قاق-شاۋەرسۇن، تەقدىرنى ئۆزگەرتىش قاقشاش بىلەن ئەمەل-گە ئاشىدىغانلا بولسا. چۈنكى، بىز ياخشىلىقنى ياقلىغۇچى-لارمىز، ھەممىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغۇچى-لارمىز.

ساقلاۋاتىمەن. شەخسىيەتسىز بىر گەۋدە ھامان ئال-دىمدا پەيدا بولىدۇ. پەيدا بولغىنى سېنىڭمۇ ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ، خۇددى ئاسمان - زېمىنغا قارىغاندەك، بۇ بىر قا-نۇنىيەت.

ساقلىشىمدىن شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، سەن نەدە ئىدىڭ دەپ سورىمايمەن، ئەمما شۇنچە تۇيۇقسىز، شۇنچە تېز،شۇنچە چىرايلىق بىر كۈن ! ئۆلۈپ كەتكەن ئانام تىرىلىپ قالغاندەك، يوقاپ كەتكەن دادام تېپىلىپ قالغاندەك، ئايالىم ئاچچىقنى بېسىۋېلىپ بالامنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك، ھەمسايىلىرىم مۇۋەپپەقىيىتىمنى مۇبارەك-لەپ مېھمانغا چاقىرغاندەك، خۇشاللىق ئەتراپىمدىكى ھاۋا-دەك ئازادە ۋە ئەركىن، خۇشۋاق!

ساقلاۋاتىمەن، ساقلاش ئۈمىدۋارلىق دېمەكتۇر.

ساقلاۋاتىمەن، ساقلاش كۈتۈۋاتقانلارنىڭ كېلىشى دېمەكتۇر.

ساقلاۋاتىمەن، بىر يېقىملىق تۇيغۇ ماڭا ھەمراھ.

ساقلاۋاتىمەن، ماڭا ياردەم قىلىدىغان، مېنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر كۈچ بار...!

2013 - يىلى 7 - ئىيۇن

## لاي ھەيكەل

سەن ئىشەنگەنگە سۇ ئىشەنمەيدۇ، سۇ ئىشەنگەنگە ئوت ئىشەنمەيدۇ، ئوت ئىشەنگەنگە بوران ئىشەنمەيدۇ، بوران ئىشەنگەنگە تام ئىشەنمەيدۇ. تام ئىشەنگەنگە چاشقان ئىشەنمەيدۇ، چاشقان ئىشەنگەنگە ئادەم ئىشەنمەيدۇ، ئادەم ئىشەنگەنگە ئەقىل ئىشەنمەيدۇ... ئەقىل ئىشەنگەنگە جانسىزلار ئىشەنمەيدۇ!

2013 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن

## يول ۋە يىغا ـ زارە

(ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە)

ئەي مېڭىۋاتقان كىشىلەر، سىلەر كۈلسىلەر يا يىغلايسىلەر، ۋەجىنى سورىسام ھەممىڭلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا بىر ئارزۇ قۇياشى پارلاپ تۇرسىكەن دەيسىلەر. بۇ قۇياشنى كۆرۈۋاتقانلار كۈلىدىكەنسىلەر، كۆرەلمەيۋاتقانلار يىغلايدىكەنسىلەر. يولۇڭلارغا قاراڭلار، يول تاغقا تىرەلگەن بولسا، ئەلۋەتتە قۇياشنى كۆرەلمەيسىلەر، يول دالىغا سوزۇلغان بولسا قۇياش ئەنە شۇنداق ئوچۇق زاھىر بولۇۋاتامادۇ. بىراق، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ بېقىشنى ئويلاشتىڭلارمۇ ؟! توغرا، تاغقا ياماشماق ھەقىقەتەن تەس. قۇياشنى كۆرمەك تېخىمۇ تەس. بىراق، ھەممىلا جايدا چوقچىيىپ تۇرغان تاغ بولۇۋەرمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھەممىلا جايدا تۈپتۈز دالامۇ مەۋجۇت ئەمەس. مېڭىڭلار، مېڭىشلار توختىمىسۇن. يولدا يىغا بىلەن كۈلكە بىر ـ بىرىگە ئورۇن بوشىتىپ تۇرىدۇ. يىغا مەڭگۈلۈك ئەمەس، كۈلكىمۇ ھەم شۇ. ھەرقانداق يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغىنىدەك ئاخىرلىشىش نۇقتىسىمۇ بولىدۇ. يول يۈرۈش داۋامىدا تاللاپ مېڭىڭلار، ئىشەنچ بىلەن مېڭىڭلار، ئاسانلاشتۇرۇپ مېڭىڭلار، نىشانلاپ مېڭىڭلار. ئەلۋەتتە، بۇ جەريان جاپالىق ھەم زېرىكىشلىك.

جاپا راھەتنىڭ كۆۋرۈكى، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭلار، كۆۋرۈك ئاستىدىكى دۇنياغا ئوخشىمايدىغان بىر دۇنياغا ئۇلىشىسىلەر.

زېرىكىش سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. سەۋرگە نائىل بولغىنىڭلاردا بىر جۇشقۇن ھايات سىلەرگە قۇچاق ئاچقان بولىدۇ، سىلەر بۇ جۇشقۇن ھايات قوينىدا خالىغانچە كۈلەلەيسىلەر. لېكىن كۈلكەڭلەر ئون قېتىمدىن ئېشىپ كەتمىسۇن. «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئون يىغلاپ بىر كۈلكىگە ئېرىشىش دېگەن مانا شۇ. روھىڭلارنى پاكىز ھەم ئۈمىدۋار تۇتۇڭلار، روھى پاكىز بولمىسا تەن پاكىز بولمايدۇ. تەن پاكىز بولمىسا كىيىم پاكىز بولمايدۇ. كىيىم ئادەمنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان تاشقى كۆرۈنۈش. بۇ تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ باشقىلاردا ۋاقىتلىق چۈشەنچىلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق چۈشەنچە بەزىدە ئادەمنى ۋاقىتلىق بىخۇدلاشتۇرىدۇ. كىچىككىنە بىخۇدلۇق بەزىدە ئۆمۈرلۈك پۇشايماننىڭ سەۋەبكارى بولۇشى مۇمكىن. بىر ئېغىز سۆز، بىر قېتىملىق ھەرىكەت تەقدىرنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇمۇ شۇ ھاياتلىق سەپىرىدىكى ھەر بىر قەدەم خاتا دەسسەلسە نامەلۇم ئورەككە چۈشۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن قەدەم ۋە نىشاننىڭ رىتىمى بۇزۇلىدۇ. رىتىم بۇزۇلسا نىشان قالايمىقانلىشىدۇ. نىشان قالايمىقانلاشسا ھەرەج ۋە مۇشەققەت كۆپ بولىدۇ، مۇشەققىتى كۆپ يولنىڭ يىغا ـ زارىسى كۆپ بولىدۇ.

2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

## مېنىڭ قەلبىم باشقا بىر دۇنيا

ئۇنىڭ ئىشىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدەك ئوچۇق ئىدى. مەن بۇ ئىشىكتىن كىرمەكچى بولاتتىمىيۇ، كۆل بويىدا ئولتۇرغان بېلىقچىدەك سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ مۇشۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا مۇشۇ ئۆي، مۇشۇ ئېغىز ئۇنى يەپ كەتتى.

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى سائەت بولاي

www.uyghurkitap.com

دېدى. ئۇ ھېچ بىر چىقاي دېمەيتتى. مەن كارىدوردا ئۇياقتىن بۇياققا، بۇ ياقتىن ئۇ ياققا ئاستا مېڭىشقا باشلىدىم. ئىشىكىنىڭ پېشانىسىگە چاپلاپ قويۇلغان «باش دىرېكتور ئىشخانىسى» دېگەن خەتكە پات- پات قاراپ قوياتتىم. ئۇ شۇنچە سالاپەتلىك بىر ئايال. باش دىرېكتور، قول ئاستىدا نۇرغۇن خادىم بار، ئىگىلىكى كۈندىن- كۈنگە روناق تېپىۋاتقان كارخانىچى.

مەن ئۇنى دەسلەپتە كۆرگەندە قارا كېچىدەك سۇمبۇل چېچى ئارىسىدىن مارىلاپ تۇرغان تولۇن ئايدەك يۈزىگە، قارا قۇمچاقتەك سېھىرلىك كۆزىگە دىققەت قىلغانىدىم. ئاياغ كوپتىنىڭ ياقىسىنى چىقىرىپ كىيىۋالغان كۆك رەڭلىك كاستيۇم- يوپكىسى ئارتۇقى ئەمەس، كەمى ئەمەس، بوي- بەدىنىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. بۇ ئۇنىڭدىكى تاشقى سالاپەت. ئىچكى «سالاھىيتى» بولسا تونۇغاندىن كېيىن ئايان بولدى.

ئۇ دەسلەپتە ماڭا تېلېفون قىلغانىدى.

— سىز مېنى تونۇيسىز، مەن سىزنى تونۇيمەن. بىر پىيالە چېيىمغا داخىل بولۇشقا قىممەتلىك ۋاقتىڭىز چىقارمەكىن.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مەن سىزنىڭ كەسىپدىشىڭىز، تەپسىلاتىنى كۆرۈشكەندە دەپ بېرىمەن.

— قەيەردە كۆرۈشىمىز؟

— «تۆۋەنتۇرا» چايخانىسىدا ئورۇن زاكاز قىلىپ قويغانىدىم.

— ...

— ئەمىسە سىزنى كەچ سائەت 6 دە ساقلايمەن.

* * *

كەچنىڭ قاراڭغۇلۇقى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغانىدى. چىراغلار قۇياشتەك نۇر چېچىپ كۈندۈزدەك ئازادە ۋە يورۇق ھاياتقا بىزنى باشلاپ كىرگەنىدى.

بىز ئولتۇرغان ھەشەمەتلىك ئايرىمخانە ئالەمگە ئوخشايتتى.

بىز ئولتۇرغان يۇمىلاق ئۈستەل يەرشارىغا ئوخشايتتى.

ئۈستەلگە تىزىلغان يەل- يېمىشلەر دۆلەتلەرگە، قورۇمىلارنىڭ تۈرلىرى مىللەتلەرگە ئوخشايتتى.

بىرىمىز شىمالىي مۇز ئوكياندىن، يەنە بىرىمىز ئانتاركتىدادىن ئورۇن ئېلىشقاندۇق. چوكىلىرىمىز بىردەم ئۇ دۆلەتتە، بىردەم بۇ دۆلەتتە ھەرىكەت قىلاتتى. بىز دۇنيانى بۆلۈپ- بۆلۈپ يېمەكتە ئىدۇق. شۇ تاپتا دۇنيانىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان بىز توختىماي تەقدىر- قىسمەتلەر، كەلمىش- كاپالەتلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە ئىدۇق. ئۇ پەقەت ئۇ بولۇشقا، مەن پەقەت مەن بولۇشقا تىرىشماقتا ئىدۇق. ۋاقىت ئاداققى سەۋرىسىنى سەرپ قىلىۋاتقاندا سورۇن يېرىمىدا «مەن» «بىز»گە ئايلىناي دەپ «بىز» يەنە سورۇن ئاخىرىدا «ياتلار»غا ئايلاندى.

چۈنكى، مەن ئۇنى تونۇپ قالغانىدىم.

* * *

ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قىزلار گۈل تۇۋگۈنچىكىدىن غۇنچىگە ئايلىنىدۇ. غۇنچىلار يەنە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەرگىلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

شېرىن شەنبە، كەچ- ئايدىڭ كېچە،
شىلدىرلايدۇ ياپراقلار يېنىك.
كۆل بويىدا ئادەم يوق، ئەمما —
ئاڭلىنىدۇ كۈلكىلەر ۋىلىق.

مەيىن شامال ناخشىدۇر ناخشا،
قەلبلەردە ئېيتىلار ئاستا.
ئۇنى پەقەت ئاڭلايدۇ كىملەر —
ھېسسىياتقا تويۇنۇپ راسا...

دېگەن مىسرالار مانا شۇ چاغلاردا يېزىلىدۇ. بۇلارنى بىز شېئىر دېسەك مەزمۇن ئاخىرلاشمىغان، شېئىر ئەمەس دېسەك ياش قەلبنىڭ لىرىك كۈيى جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ياش ئاۋاملار مانا مۇشۇ مىسرالارنىڭ داۋامىدۇر. تاكى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكىچە بۇ مىسرالارنىڭ كەينى چىقمايدۇ. كەينى چىققاندا بولسا تىنىق كۆل سۈيىگە تۆكۈلگەن ياپراقلاردەك ھەر تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ. بەزىلىرى بىللە، بەزىلىرى جۇدالىق...

جۇدالىق ياپراقلار ھەسرەتلىك بەرگىلىرى بىلەن ۋىساللىق كۈنلەرنى قەلب خاتىرىلىرىدىن ئىزدىشىدۇ. بۇ خاتىرىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاق قالغان، بەزىلىرى نەسىر ۋە شېئىرغا تويۇنغان. پەقەت ۋە پەقەت ھاياتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ

قالغان.

مەن ئۇنى ئاشۇ خاتىرىلەر ئىچىدىن ئىزدىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالغان، يېقىملىق گەپ قىلىدىغان گىلاستەك لەۋلىرى ئېسىمدە قالغان. بۇلاق سۈيىدەك ئىمىسلاپ كۆلىدىغان زىناقلىرى ئېسىمدە قالغان... ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى ئېسىمدە قالغان: «كەچمىشلەر قايىنىمىدا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز» بۇ «ئۆلمىسەك يەنە كۆرۈشەرمىز» دېگەن جۈملىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپتىلىشى ئىدى. بۇ بىر ياپراق گۈل بەرگىنىڭ يېرىمىدەك لەۋلەر ئارىسىدىن چىققان «هاياتلا بولساق...» دېگەن ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. بۇ بىر لىرىك ھېسسىياتنىڭ ئەڭ ئاداققى نىداسى ئىدى.

گۈللەر ئۆز پەسلىدە يالغۇز ئېچىلمايدۇ. ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر گۈلزارلىقتا ئايلانغاندا كۆزلەر كۆكۈلگە ئايلىنىپ بۇ پەسلنى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. يىگىتلەر ئالدىراش، قىزلار ئالدىراش، ئاتا-ئانىلار تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا بەخت تىلىكى، كىمكى بۇ مەيداننىڭ ئاساسلىق پېرسوناژىغا ئايلانغان چاغدا پۈتۈن ئالەم ئاشۇ پېرسوناژغا كۆلۈپ بېقىۋاتقاندەك تۇيغۇلار...

شۇنداق ئەمەسمۇ ؟! يىگىت بولۇپ باققانلار، قىز بولۇپ باققانلار بۇنى چۈشىنىدۇ. ئەمما، چاي ئىچكەن چىنىلەرگە دەز كەتكەندە بەزىلەر «ئىست» دېيىشىدۇ، بەزىلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قالىدۇ. بەزىلەر ئېغىر-يېنىك تىنىشىدۇ. مەن مانا مۇشۇنداق تىنىقلار ئىچىدە ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. گۈل تۈگۈنى غۇنچىغا، غۇنچىسى بەرگىگە ئايلانغان بىر قىزنى.

— مەن مانا پۇل تاپتىم، تاپقاندىمۇ كۆپ پۇل تاپتىم،

— دېدى ئۇ قەھۋە قاچىسىنىڭ قىرىغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ تامشىپ تۇرۇپ،— قېنى ئېلىڭە، بۇ ئېسىل قەھۋە.

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم. بۇ كۆز بىر قىزنىڭ قەلبى ئىدى، بۇ قەلب بىر دۇنيا ئىدى، بۇ دۇنيا رېئاللىقتەك مۇرەككەپ ئىدى.

— پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى ئۆيدىكىلەرگە بەرمەكچىمەن، قالغان يېرىمىنى سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرگە.

بۇ گەپ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. مەن چايخانىدا دەملەنگەن بۇ قەھۋەگە ئاخىر ئېغىز تەگدىمدە شاراب ئىچكەندەك گۈپپىلا قىلىپ ئىچىۋەتتىم ۋە چاپىنىمنى مۈرەمگە ئارتىپ ئۇنى خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتىم.

سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بۇ يامغۇر سىمىلداپ ياغقىنى بىلەن مەڭزىمنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. دەرۋەقە مەڭزىمدە ئاققىنىنىڭ يا يامغۇر، يا ياش ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالدىم. پات-پات كەينىمگە قاراپ قوياتتىم. ئالدىمدا بولسا بىر قاراڭغۇلۇق يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. كەينىمدە قالغان كوچىلار ئازادە ھەم يورۇق بىلىنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ كۆزۈمگە، قەلبىمگە قارىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدىم.

مەن قاراڭغۇلۇققا كەينىمنى قىلغاچ: «مېنىڭ قەلبىم باشقا بىر دۇنيا» دەپ پىچىرلىدىم.

2013-يىلى 10-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# كەينىمگە قاراپ

كەينىمگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئالدىمدا بىر قاراڭغۇلۇق بار. مەن ئۇنىڭ كەينىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيمەن. چۈشكۈنلىشىپ كەتتىممۇ دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن سوراپ باققۇم كەلدى. خاتا جاۋابقا ئېرىشىپ قېلىشتىن قورقتۇم. شۇڭا سورىمىدىم. بەزىدە ئادەم شۇنداق ئويلاپ قالىدىكەن. «ھەممە ئادەم ئەمەس، ھەممىسلا ئادەم ئەمەس». دېمەك، مەن كۆرۈۋاتقان رېئاللىق يېرىم يۈزلۈك كۆرۈنۈش، مەن دوست دەپ ئەقىدە قىلغانلار دوستلۇقنى نامايان قىلالماي قالدۇ. مەن دوست ئەمەس دەپ يۈز ئۆرىگەنلەر دوستانە بەدەللەر بىلەن خىجىل قىلىپ قويىدۇ. يەسلىدىكى چاغلىرىمدا غۇبارسىز بىر مۇئەللىم بار ئىدى. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا سوئاللار مېنى قىيىنىدى. ياشلىق چاغلىرىمدا سەۋدالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم. مانا نەۋقىران چاغلىرىمدا ئەقلىمدىن ئازدىم. نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىغۇچىلار بولدى. مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمىدىم. توغرىسى جاۋاب بەرمىدىم.

ماڭا گەپ قىلغۇسى بارلار بار، گەپ قىلغۇسى يوقلار بار. گەپ قىلغۇسى يوقلارنى گەپ قىلغۇزغۇم كەلدى. گەپ قىلغۇسى بارلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىم. ئادەم بەزىدە مانا مۇشۇنداق يالغۇز قالىدىكەن. يالغۇز قالغاندا ئادەم-

لەرنى ئىزدەيدىكەن. قىزىق جاھان ـ دە، بۇ.

جىمجىت كېچىلەردە كۈندۈزدەك يورۇق پىكىر قىلالىغانلار سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەسمىدى ئەسلىدە. قۇياش نۇرىدەك ئىللىق پىكىرلەرگە قەلبىڭنى قاقلاپ خۇش كەيپىيات تۇرغان چاغلىرىڭدا گۇگۇم پەيتىدەك سىرلىقلىشىۋالغانلار سەندىن غەرەز سورايدۇ، يول سورايدۇ، جاۋاب سورايدۇ. جاۋاب بەرمىسەڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىدۇ. موھتاجلىق يامان ئاقىۋەتكەن. ئاقىۋەت دېگەن ئالدىڭغا قاراشمۇ ياكى كەينىڭگە چېكىنىشمۇ؟ غىلاپ ـ خەنجىرىڭدىن قورقىدىغانلار بار، ھۆرمەت شارابىدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلار بار، ھېچنېمە بەرمىسەڭمۇ ئادىمىيلىكنى خالىس يەتكۈزىدىغانلار بار. دۇنيا ساڭا: «تاللىۋال، تاللىۋال» دەپلا تۇرىدۇ. تاللاپ بولغىچە شۇ دۇنيا يوق ياكى سەن شۇ دۇنيادا يوق. ئەمدى مەن دۇنيادىن رەنجىشىم كېرەكمۇ ياكى ئۆزۈمدىن؟

مەن كەينىمگە قارىدىم. ياش بىر ئەقىل دەسلەپتە ئۆملەپ، ئاندىن تىك تۇرۇپ ماڭا قاراپ كەلمەكتە. مەن ھاڭنىڭ لېۋىگە بېرىپ قالغىنىمدا ئۇنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتتۈم. ئارىمىزدىكى يول بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. مەن ھەيران قالدىم. قىسقاراق يول ماڭسامچۇ، ئاۋايلاپراق يول ماڭسامچۇ. بەك ئۇزۇن مېڭىپ كەتكەن يوللار ئەھمىيەتلىك ئەمما قىسقا ماڭغان يوللارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەندى.

2013 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇن ئۈرۈمچى

## «سەن چىرايلىق، مەن ئامراق»

بۇ خەلقىم ناخشىلىرىدىكى بىر مىسرا. كونا قايرىلغاندىكى يامغۇر تامچىسىدەك بۇ مىسرا سېغىز تۇپراققا چۈشكەندەك يۈرىكىمنى راھەتلەندۈرىدۇ. يەنە بىر تامچە خۇددى يەنە بىر مىسرا، بۇ خۇددى يۈرەكتىن يۈرەككە ئۆتكەن يېقىملىق سېزىم. يۈرىكىمنى ياشارتقان، ياپراقلىرى ئارىسىدا گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان ھاياتلىق ئېتىزىمنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرغان ئاۋازىڭدىن ئۇخلاۋاتقان بولسام ئۇيقۇمنى، ئىشلەۋاتقان بولسام ئىشىمنى قويۇپ ساڭا يۈزلىنىمەن. سېنى ئىزدەيمەن، سېنى كۈتىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ساڭا باشقىچە ئامراق بولىمەن. بۇ مىسرالارنى ئاڭلىغىنىمدا كۆل بويىدا ئولتۇرغان بولسام تىنىق كۆل سۈيى يۈزىنىڭ چەمبىرەكلەرنى ھاسىل قىلىپ ئويناقشىيدۇ. باغدا ئولتۇرغان بولسام بۇلبۇللار كېلىپ ئۈنسىز ناخشامغا جور بولىدۇ. يولدا كېتىۋاتقان بولسام قەدەملىرىم يېنىك ـ يېنىك سىلكىنىدۇ... مەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىمەن. بوۋايلار ياشلىققا قايتىۋاتقاندەك، مومايلار قاشلىرىغا ئوسما قويۇۋاتقاندەك، چوكانلار تويغا چاقىرىۋاتقاندەك، باللار تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك ئەترابىم لەرزىگە كېلىدۇ. ئەي، سېھىرلىك مىسرا، مەن ساڭا نۇرغۇن مەنە ئاتا قىلغان ئاشۇ خەلقىمدىن قانداق مىننەتدار بولۇۋاتقىنىمنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

مەن مەشۇقلار مۇراسىمىدىكى مەرتىۋە بولدۇم. چۈنكى، بېغىم بوستانىدا جۇلالانغىنى ئەخلاق تاجى، ئەدەپ زىننىتى، ئەقىل گۆھىرى، ھەرىكەت ئەڭگۈشتىرىدۇر؛ قەلب ئاسمىنىمدا پارلاۋاتقىنى غايە قۇياشى، ئىزدىنىش نۇرى، جۈرئەت يورۇقلۇقى، چىدام سەپىرى، پاكلىق ئەھدىسى، ئېتىقاد چىرىغىدۇر؛ ۋۇجۇدۇم قەسرىدە جاراڭلاۋاتقىنى ئۈندەش ناخشىسى، ئىبرەت قوڭغۇرىقى، چۈشەنچە ناۋاسى، قەتئىيلىك مېلودىيەسى، كەسكىنلىك خىتابنامىسىدۇر!

يەنە بار جېنىم، يەنە بار.

مېنىڭ جېنىم روھىم سىماسى، روھىم كۈلسە جېنىم كۈلىدۇ. روھىم ئالىمىدە جانغا ئىملداش بىر يىپ بار. بۇ يىپ تىنىقىمغا تۇتاشقان. بۇ تىنىق خۇددى بىر تامچە يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بىر تامچە يامغۇر — بىر تامچە ياش. بۇ ياش ھەرگىزمۇ كۆزۈمدىن ئاقمىسۇن. مەن مۇشۇ چىرايلىق ياشنىڭ ئاپىرىدىسىمەن.

ئەي، بىر تامچە ياش، سەن ئۆز قەسىمىدە تېخىمۇ چىرايلىق، مەن ئۆز لەۋزىمگە مەڭگۈ ئامراق!

2013 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

* ئاپتورنىڭ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان **«ئاچچىقلانمايدىغان ئادەملەر»** ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن تاللاپ ئېلىندى.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىدا.

www.uyghurkitap.com




2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر سائەت 9 دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە، ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ پارىژدىكى باش ئىشتابىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى» بولۇپ باھالانغانلىق خەۋىرى تارقىلىپ، ئېلىمىزگە، جۈملىدىن مۇقام سۆيەر خەلقىمىزگە زور شان ـ شەرەپ ئاتا قىلدى.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولىدىغان كاتتا شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى دىققەت نەزەرىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون مىقياسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، رەتلەش ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى تەخىرسىز مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. بۇ شەرەپلىك خىزمەتنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» سۈپىتىدە ئىلتىماس قىلىشتىن باشلاندى.

2010 ـ يىلى 19 ـ نويابىر كۈنى كېنىيە پايتەختى نايروبىدا ئېچىلغان «دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى ھۆكۈمەتلەر بىرلەشمە كومىتېتى»نىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا ئۇيغۇر مەشرەپلىرى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئەسەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئېلىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزغا يەنە بىر قېتىم شەرەپ ئېلىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، «دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەھدىنامىسى»گە ئەزا 132 دۆلەت يوللىغان نەچچە يۈز تۈر ئىچىدىن 29 دۆلەتنىڭ 51 تۈرلۈك مەدەنىيەت مىراسى ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى قاتارلىق تۆت تۈر «جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئەسەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەندى. شۇنىڭ بىلەن ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلى ھازىرغىچە رويخەتكە ئالغان «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر»لەر 213 تۈرگە، «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئەسەر»لەر 16 تۈرگە يەتكەن.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بۇنداق شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، كەسپداشلارنىڭ ئالدىغا «ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» دېگەن نېمە؟ ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى قارمىقىدىكى «ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» باھالاش كومىتېتى قانداق ئورۇن؟ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»نى باھالاپ بېكىتىشنىڭ قانداق ئۆلچەم پىرىنسىپلىرى بار؟ دېگەندەك بىر قاتار سوئاللارنى تاشلىدى:

1794 ـ يىلى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر لايىھەنى تۈزگەن، 1871 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشقا باشلىغان. 1950 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»دا تۇنجى بولۇپ «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللانغان. ئېلىمىزدە 1950 ـ يىلى «قەدىمكى تارىخىي ئىزلارنى قوغداش بۇيرۇقى»، 1961 ـ يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى باشقۇرۇش چارىسى»، 1982 ـ يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ئېلان قىلىنغان. 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۈچ توپلام» خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىممەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇتقۇزۇلغان. 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ «خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلغان. بۇ يىللاردا يەنە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزدى. بولۇپمۇ 1972 ـ يىلى ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى پارىژدا «دۇنيا تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى دۇنياۋى تۈستە

www.uyghurkitap.com

قانۇنلاشتۇرۇلغان. نەچچە ئون يىللىق ئىزدىنىش، مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلەر داۋامىدا «مەدەنىيەت مىراسى» ئۇقۇمىمۇ ئايدىڭلىشىپ، ئاخىر «دۇنيا ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» دېگەن ئاتالغۇ قېلىپلاشتى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۈر ساھەلەر ئايدىڭلاشتى.

2003 ـ يىلى ماقۇللانغان «دۇنيا ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەھدىنامىسى»دە: ««غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دائىرىسىگە ئاغزاكى ئەنئەنىلەر ۋە ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكىللىرى؛ ئورۇنلاش سەنئىتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، مۇراسىم ۋە مەرىكە پائالىيەتلىرى؛ تەبىئەت ۋە ئالەمگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ھەم ئەمەلىيەت، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلىملىرى كىرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىجتىمائىي توپقا ياكى پۈتكۈل مىللەتكە ئورتاق ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۆزىدە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پايدىلىق تىرىك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋارىسلىق مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تۈرلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈپىتىدە قوغدىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مىللەتلەرنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى» دېگەن ئاتالغۇ بۇرۇندىن باشلاپ ئومۇملىشىپ، مەزمۇن جەھەتتىن خەلق ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىپ، دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۇلىشىپ كەلگەن ناخشا ـ قوشاق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، رەسساملىق، ئېيتىشىش، ۋاھىزلىق، قەغەز قىيىمچىلىق، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، سىرچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، ئويمىچىلىق، بىناكارلىق، ساپالچىلىق ھەم بەلگىلىك مەدەنىيەت رايونى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلدى. شەكىللىك ھالەت جەھەتتىن يۇقىرىقى نەمۇنىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى شەكىلسىز بولغاندىن تاشقىرى، يەنە شەكىللىك گەۋدىسىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: ئېغىز ئەدەبىياتى، تىل، ئەنئەنىۋى ئورۇنلاش سەنئىتى، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، فولكلور، ئەنئەنىۋى بىلىم چۈشەنچىلەر، بەلگىلىك مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىقلار. ئۇنىڭ شەكىللىك قىسمى ئاشۇ شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى خاتىرىلەپ ياكى ساقلاپ قالغان ماددىي فورما ھالىتىنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن: ئەنئەنىۋى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، قەدىمكى يازما ۋەسىقىلەر، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار. بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ شەكىلسىز قىسمى دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۇلىشىپ كەلگەن خەلق ئارىسىدىكى ئىجادچى ـ ئىجراچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ــ بەلگىلىك مىللەت، بەلگىلىك قوۋمنىڭ تۇرمۇشىدىن ئايرىلمىغانلىقىدا ھەم تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مىللىي خاسلىق، يەرلىك ئېتنىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىدە ساقلاپ قالغانلىقىدا ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ئاساسەن شەكىللىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا قارىتىلغان بولغاچقا، يىللاردىن بۇيان شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى قانۇننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ مەسىلىلەر ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 2003 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە مالىيە مىنىستىرلىقى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈردىن 39 نى تۇرغۇزدى. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرمۇ تۈرلۈك قوغداش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ئىلتىماس قىلىنغان بىر قىسىم تۈرلەر دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ تەستىقلاندى، نۆۋەتتە بۇ خىزمەت ئىنتايىن نەتىجىلىك ئىشلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى» ھەم «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك تۈر» سۈپىتىدە تەستىقلىنىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. لېكىن بىز ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ دۇنياۋى شان ـ شۆھرىتىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىللە، ئىلمىي قىممىتى، بەدىئىي سەۋىيەسى جەھەتتىن مۇقام ۋە مەشرەپكە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك بىلىم ـ چۈشەنچىلەر بار ئىدى. ھالبۇكى كېيىنكى يىللاردا بۇ ساھەدىمۇ ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن يوقىلىشقا يۈزلىنىش ھادىسىسى شەكىللەندى. گەرچە ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، شۇڭا مېنىڭچە بۇ تۈرمۇ قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىشقا موھتاج.

قىسقىسى، «ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھادىسىسى»دىن ئىلھام ئېلىپ، قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى، ئۇيغۇر داستانچىلىق مەدەنىيىتى قاتارلىق يوقىلىشقا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى «ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» سۈپىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلىش باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالدى.

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.



«ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» (تۆت توم)، «ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى» (ئىككى توم)، «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى ۋە تېپىشماقلىرى»، «ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلدۇرغۇچى، نەسرچى، بالىلار ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر مۇھەممەتجان ئابلىز بۆرەيار ئەپەندى


《新疆文化》(维吾尔文)
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073-I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 ـ يىلى 5 ـ سان (ئومۇمىي 322 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇساجان ۋاھاب ماي بوياق ئەسەرلىرىدىن



رەسسام مۇساجان ۋاھاب



سەھرادىكى ئەقىل - پاراسەت



نان



كونا تۈگمەن



تىرىكچىلىك يولى



قىشتىكى قورساق غېمى